# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

# INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# 中亚信息



# 目　次

《中亚信息》(维文版)　　1998 年第 1 期(总第 78 期)

新疆维吾尔自治区
科学技术委员会
主　　办
(双月刊)
总编:
张曰知
那吉米丁·尼扎米丁
主编:
姑丽苏木
编辑:
米娜娃
翻译:
牙尔买买提
穆娅莎
本期责任编辑:
牙尔买买提
每双月 25 日出版

## 政策与法规

哈萨克斯坦共和国语言法 …………………… (3)
哈萨克斯坦立法的现状与问题 ………………… (9)
出口到俄国的商品须标注俄语 ………………… (12)
俄加强对酒类生产的管理 …………………… (13)

## 综　　述

海关联盟国家经济发展趋势 ………… (14)
俄罗斯航空市场现状 ………………… (21)

## 投资与合作

俄希望中国参与远东能源项目 ……………… (25)
中俄将加强经贸及科技合作 ………………… (26)
中印巴三国食用油进口将增长 ……………… (27)
俄中贸易额增长 ………………………………… (29)
哈大型石油企业需要投资 …………………… (31)
中国公司将开采哈国石油 …………………… (38)

## 旅游指南

去俄罗斯旅行,出差携带外汇出入境须知 … (28)

## 经济经纬

哈 1997 年上半年国家预算执行情况 ……… (30)
俄 1997 年上半年外贸状况 ………………… (32)

## 新　成　果

新成果二项 ………………………………… (34)(42)

## 调查与研究

中亚铁路规划方案与前景 …………………… (35)
塔什干的财富——战略资源 ………………… (37)
印度公司将在哈国巴甫洛达尔州进行石油勘探 …
……………………………………………………… (49)

## 边贸信息

边贸信息 9 条

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

1988 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ

1998 ـ يىل 1 ـ سان
ئومۇمىي 78 ـ سان

باش مۇھەررىر :
جاڭ يۈجۇ
نەجمىدىن نىزامىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر :
گۈلسۇم ئابدۇۋاyيت

مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار :
مۇنەۋۋەر قادىر (01)
يارمۇھەممەت ئىبراھىم (02)
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم (03)

بۇ ساننىڭ مەسئۇل تەھرىرى :
يارمۇھەممەت ئىبراھىم

ھەر چوپ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

## ★ سىياسەت ۋە قانۇن تۈزۈم ★

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىل قانۇنى .............................. (3)
قازاقىستاننىڭ قانۇن چىقىرىش ئەھۋالى ............................ (9)
روسىيىگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردا چوقۇم روسچە شەرتلىك بەلگىلەر بولۇشى كېرەك ............................ (12)
روسىيە هاراق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتمەكچى ... ............................................................ (13)

## ★ ماتېرىيال ★

ئاموزنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ............................................................ (14)
روسىيە ئاۋىئاتسىيە بازىرىنىڭ هازىرقى هالىتى ................ (21)

## ★ مەبلەغ سېلىش ۋە ھەمكارلىشىش ★

روسىيە جۇڭگونىڭ يىراق شەرقنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى تۇرلىرىگە قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ............................ (25)
جۇڭگو، ھىندىستان ۋە پاكىستاننىڭ يېمەكلىك ياغ ئىمپورت مىقدارى ئېشىپ بارماقتا ............................................ (27)
جۇڭگو بىلەن روسىيە ئىقتىسادىي سودا ۋە پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتمەكچى ............................ (26)
قازاقىستاندىكى چوڭ تىپتىكى نېفىت شىركەتلىرى مەبلەغ سېلىشقا موھتاج ............................................................ (31)
روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ سودا سوممىسى ئاشىدۇ ................ ............................................................ (29)
جۇڭگو شىركىتى قازاقىستاندا نېفىتلىك ئاچماقچى ................ (38)

## ★ ساياھەت قىلىنامىسى ★

روسىيىگە بارغۇچىلارنىڭ چەت ئەل پۇلىنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ............................ (28)

## ★ ئىقتىسادىي بايان ★

قازاقىستاننىڭ 1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى دۆلەت خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ............ (30)
روسىيىنىڭ 1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تاشقى سودا ئەھۋالى ............ (32)

## ★ پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرى ★

قازاقىستان قوروپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئارال دېڭىزىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشماقتا ............ (34)
قىرغىزىستان چاتقال تاغ رايونىدا چوڭ تىپتىكى سىلتىي كېنى ئېچىلدى ............ (42)

## ★ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ★

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈر يول پىلان لايىھىسى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى ............ (35)
تاشكەنتنىڭ بايلىقى — ستراتېگىيىلىك بايلىق ............ (37)
ھىندىستان دۆلەت شىركىتى قازاقىستاننىڭ پاۋلودار ئوبلاستىدا نېفىت تەكشۈرمەكچى ............ (49)

## ★ چېگرا سودا خەۋەرلىرى ★

قازاقىستان سۆرەلمىلىك بىلەن خوشلىشىپ چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ شادلىق بېغىغا ئايلاندى ............ (39)
چەت ئەل سودا بانكىسى قازاقىستاندا ۋەكالەت ئورنى تەسىس قىلدى ............ (40)
ئۆزبېكىستان ئىسلاتقا تايىنىپ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇردى ............ (41)
ئۇكرائىنا چارۋا مال يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ چەت ئەلدىن كىرىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا ............ (47)
قازاقىستاننىڭ ئۆز ئالدىغا ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى بولىدۇ ............ (48)
روسىيىنىڭ ستانوك سانائىتى چېكىنىپ كەتتى ............ (43)
قازاقىستان تامۇژنىسى مول-ھوسۇل شادلىقىغا تولدى ............ (47)
ئۇكرائىنا «تەبىئىي گاز سانائىتى» شىركىتى تۈركمەنىستان بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلدى ............ (44)
دۇنيا بانكىسى قازاقىستاننىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ ............ (45)

# قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىل قانۇنى

مەزكۇر قانۇن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرلۇك تىللارنى قوللىنىشتا قانۇنىي ئاساس يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تىللارنى تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلەپ بەردى، قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە قوللىنىلىدىغان تىللارغا بولغان بىردەك ھۆرمەتلەش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ بەردى.

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

### بىرىنچى ماددا ئاساسىي ئۇقۇم

مەزكۇر قانۇندا تۆۋەندىكى ئۇقۇملار قوللىنىلدى:

قاچماق — بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ (مىللىي ئورتاق گەۋدە) ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدىن باشقا دۆلەتلەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

خاس ئىسىم ئىلمى — تىلشۇناسلىق توغرىسىدىكى تارماق پەن بولۇپ، خاس ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئىملا قائىدىسى — يېزىش قائىدىسى بولۇپ، سۆز ۋە گراماتىكىنىڭ بىرلىككە كەلگەن شەكىللىرىنى بەلگىلەيدىغان قائىدە.

يەر نامى ئىلمى — خاس ئىسىم ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرنىڭ نامى، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش ۋە ئىشلىتىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئاھاڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ يېزىش — مەلۇم بىر خىل يېزىق سىستېمىسى ئارقىلىق باشقا بىر خىل يېزىق سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىپ يېزىش.

### ئىككىنچى ماددا مەزكۇر قانۇننىڭ قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچىمى

مەزكۇر قانۇننىڭ قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچىمى ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ تىلدىن پايدىلىنىش جەريانىدا شەكىللەنگەن تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مەزكۇر قانۇن تىلنىڭ خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدا ۋە دىنىي ئۇيۇشمىلار ئوتتۇرىسىدا قوللىنىلىشىنى چەكلىمەيدۇ.

### ئۈچىنچى ماددا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىل توغرىسىدىكى قانۇن — نىزاملىرى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىل توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ئاساس قىلىدۇ، مەزكۇر قانۇن - نىزام، باشقا ئورتاق قوللىنىلىدىغان قانۇن - نىزام ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇرلۇك تىللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن - - بەلگىلىمىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

تىل توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملار

قازاقستان گىراژدانلىرى، قازاقستاندا دائىم تۇرۇشلۇق چەت ئەللىكلەر ۋە دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغان كىشىلەرگە قوللىنىلىدۇ.

**تۆتىنچى ماددا قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تىلى**

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تىلى — قازاق تىلى.

دۆلەت تىلى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئورگانلىرى، قانۇن تۈزۈش تارماقلىرى، قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرى ۋە مەمۇرىي تارماقلار قوللىنىدىغان تىلنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەر قايسى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ساھەلىرىگە ماس كېلىدۇ.

ھەر بىر گىراژدانىنىڭ قازاقستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى بولغان دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتى بار.

ھۆكۈمەت ۋە باشقا دۆلەت، يەرلىك ۋەكىللىرى ۋە يۈرگۈزۈش ئاپپاراتلىرى چوقۇم تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇندىشى كېرەك:

بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قازاقستاندا دۆلەت تىلىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم خەلقئارادا ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش.

قازاقستان گىراژدانلىرىنىڭ دۆلەت تىلىنى ھەقسىز ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەشكىلىي شارائىت ۋە ماددىي تېخنىكا شارائىتى ھازىرلاش.

چەتكە چىقىپ كەتكەن قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش.

**بەشىنچى ماددا رۇس تىلىنىڭ قوللىنىلىشى**

ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە يەرلىك ئاپتونوم ئورگانلارنىڭ قازاق تىلىنى ئىشلەتكىنىگە ئوخشاش رۇس تىلىمۇ رەسمىي قوللىنىلىدۇ.

**ئالتىنچى ماددا ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك تىللارغا بولغان غەمخورلۇقى**

قازاقستاندىكى ھەر بىر گىراژدانىڭ ئۆز ئانا تىلىنى قوللىنىش، خالىغان تىلدا ئالاقىلىشىش، تەربىيە ئېلىش، ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىش ھوقۇقى بار.

ھۆكۈمەت چوقۇم قازاقستان خەلقىنىڭ تۈرلۈك تىللارنى ئۆگىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا شارائىت بولغان ئەھۋال ئاستىدا شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى قوللانسا بولىدۇ.

**يەتتىنچى ماددا تۈرلۈك تىللارنى قوللىنىشتىكى توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش**

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدە گىراژدانلارنىڭ تۈرلۈك تىللارنى قوللىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

قازاقستانىنىڭ دۆلەت تىلىنى قوللىنىش ۋە ئۆگىنىشكە توسقۇنلۇق قىلغان ۋە تىل قىلمىشى بولغان دۆلەت خادىملىرى چوقۇم قازاقستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى بويىچە ئۆز قىلمىشىغا مەسئۇل بولىدۇ.

**ئىككىنچى باب تىلنىڭ ھۆكۈمەت غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا قوللىنىلىشى**

**سەككىزىنچى ماددا ھەر خىل تىللارنىڭ قوللىنىلىشى**

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى، ھەر قايسى ئاپپارات، تەشكىلات ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت تىلى ۋە خەت-ئالاقە تىلى دۆلەت تىلى بولۇپ،

رۇس تىلى قازاق تىلى بىلەن ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

غەيرىي دۆلەت تەشكىلاتلىرى خىزمەت جەريانىدا دۆلەت تىلى قوللىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تىللارنى قوللىنىدۇ.

**توققۇزىنچى ماددا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خەت-ئالاقە تىلى**

ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خەت-ئالاقىلىرى دۆلەت تىلى ئارقىلىق ئېلان قىلىنىدۇ ۋە تۈزۈلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا رۇس تىلىدا تۈزۈلىدۇ، ھەمدە ئىمكانقەدەر باشقا تىللار-نىڭ تەرجىمىسى قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

**10-ماددا ھۆججەت يەتكۈزۈش تىلى**

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ستاتىستىكا، مالىيە ۋە تېخنىكا توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى يەتكۈزگەندە بىردەك دۆلەت تىلى ۋە روس تىلىنى قوللىنىدۇ.

**11- ماددا پۇقرالارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە جاۋاب بېرىشتە قوللىنىلىدىغان تىل**

دۆلەت ۋە غەيرىي دۆلەت تەشكىلاتلى-رى پۇقرالارنىڭ ئەرزىيەتلىرى ۋە باشقا ھۆججەتلەرگە جاۋاب بەرگەندە دۆلەت تىلى ياكى پۇقرالار ئەرز قىلغاندا قوللانغان تىلنى قوللىنىدۇ.

**12-ماددا قوراللىق كۈچلەر ۋە قانۇن قوغداش ئورگانلىرى قوللىنىدىغان تىل**

قازاقىستان قوراللىق كۈچلىرى ۋە ھەربىي قىسىم، ھەربىي تەشكىلات، دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش تەشكىلاتلىرى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى ۋە قانۇن قوغداش ئورگانلىرى دۆلەت تىلى ۋە رۇس تىلىنى قوللىنىدۇ.

**13-ماددا قانۇن ئىجرا قىلىش ئورۇنلىرى قوللىنىدىغان تىل**

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئورۇنلىرى دۆلەت تىلى قوللىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا رۇس تىلى ۋە باشقا تىللار-نى ئورتاق قوللىنىدۇ.

**14-ماددا مەمۇرىي قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا قوللىنىدىغان تىل**

مەمۇرىي قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا دۆلەت تىلى قوللىنىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تىللار قوللىنىلىدۇ.

**15-ماددا توختام تۈزگەندە قوللىنىدىغان تىل**

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەبىئىي شەخس ۋە ۋاكالەتچىلىرى بىردەك دۆلەت تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق يازما توختام ئىمزالايدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تىللارنىڭ تەرجىمىسى قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

چەت ئەللىك تەبىئىي شەخس ۋە ۋاكالەتچىلەر بىلەن توختام تۈزگەندە دۆلەت تىلى ياكى ئىككى تەرەپ ئورتاق قوبۇل قىلالايدىغان تىل قوللىنىلىدۇ.

**ئۈچىنچى باب تىلنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئاممىۋىي تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ساھەسىدە قوللىنىلىشى**

**16-ماددا تىلنىڭ مائارىپ ساھەسىدە قوللىنىلىشى**

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇش يېشىغا توشمىغان ئۆسمۈرلەر مائارىپ ئورگىنى دۆلەت تىلىنى قوللىنىدۇ، باشقا مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى بۇ خىل ئورگانلار يەرلىك تىللارنى قوللىنىدۇ.

يەسلى ۋە مۇناسىپ تەشكىلاتلارنىڭ

ئوقۇتۇش تىلىنى يەرلىك ئىجرائىيە ئورگانلىرى شۇ يەردىكى ئاھالىلارنىڭ بىرىكىش ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يۇقىرى ئوقۇش ئورۇنلىرىدا ئوقۇتۇش ئىشلىرى دۆلەت تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ماھارەت تەربىيىسى ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ۋە مۇمكىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا باشقا تىللار ئارقىلىق تەربىيىلەنىشى بولىدۇ. دۆلەتلىك ۋە غەيرىي دۆلەتلىك مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى ۋە رۇس تىلى چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ ھەم ئوقۇش تارىخىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

**17-ماددا تىلنىڭ ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە قوللىنىلىشى**

قازاقىستاننىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدە چوقۇم دۆلەت تىلى بىلەن رۇس تىلى قوللىنىلىدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىلىرى ۋە باھالاشمۇ دۆلەت تىلى ۋە رۇس تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى دۆلەت تىلى بىلەن، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تىللار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**18-ماددا تىلنىڭ نەشرىيات ۋە ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ساھەسىدە قوللىنىلىشى**

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى نەشرىياتچىلىق ۋە ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ساھەسىدە دۆلەت تىلى ۋە باشقا تىللارنى قوللىنىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

زۆرۈر بولغان تىل مۇھىتى ھازىرلاش ۋە دۆلەت تىلىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ تارقاتقان دۆلەت تىلىدىكى پروگراممىلىرىنىڭ ۋاقتى باشقا تىللاردىكى پروگراممىلارنىڭ ئومۇمىي ۋاقتىدىن قىسقا بولماسلىقى كېرەك.

**تۆتىنچى باب تىلنىڭ ئاھالىلار ئولتۇراق رايونى نامى ۋە مەخسۇس يازما ئۇچۇرلار نامىدىكى قوللىنىلىشى**

**19-ماددا يەر نامى ۋە ھەر قايسى تەشكىلاتناملىرىدا قوللىنىلىشى**

تارىختىن بۇيان باشقا تىللاردا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئاھالىلار ئولتۇراق رايونى، كوچا، مەيدان ۋە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرنىڭ ناملىرى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئۆزگەرتىپ يېزىلىدۇ.

دۆلەت تەشكىلات ۋە ئۇنىڭ تارماق ئورگىنىنىڭ نامى دۆلەت تىلى ۋە رۇس تىلىدا يېزىلىدۇ.

شىرىكلەشكەن شىركەتلەر ۋە چەت ئەل تەشكىلاتلىرىنىڭ نامى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە دۆلەت تىلى ۋە رۇس تىلىدا يېزىلىدۇ.

**20-ماددا كىشى ئىسىملىرى، ئاتا ئىسمى ۋە فامىلىلەرنىڭ يېزىلىشى**

رەسمىي ھۆججەتلەردە ئاتا ئىسمى ۋە فامىلىلەرنى يازغاندا چوقۇم قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى ۋە ئۆلچەملىك قانۇن-نىزامى بويىچە يېزىش كېرەك.

**21-ماددا چەك تولدۇرۇش ۋە يازما ئۇچۇرلارنى يازغاندا قوللىنىلىدىغان تىل**

دۆلەت ئورگانلىرى نەشر قىلغان بۇيۇملارنىڭ نامى دۆلەت تىلىدا يېزىلىدۇ.

باشقا ھەر قانداق مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ نەشر بۇيۇملىرى دۆلەت تىلى ۋە رۇس تىلىدا يېزىلىدۇ.

جەدۋەل، چەك، بايانات، ئېلان، باھا جەدۋىلى ۋە باشقا يازما ئۇچۇرلار دۆلەت تىلى رۇس تىلىدا يېزىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا

باشقا تللاردا يېزىلدۇ.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدە ئشلەپچقىرلغان تاۋارلارنىڭ تاۋار ماركىسى، بەلگىسى ۋە چۈشەندۈرۈشنامىسى دۆلەت تلى ۋە رۇس تلىدا يېزىلدۇ.

چەت ئەلدە ئشلەپچقىرلغان تاۋارلارنىڭ تاۋار ماركىسى، بەلگىسى ۋە چۈشەندۈرۈش نامىسنى ئىمپورت سودىگەرلىرى دۆلەت تلى ۋە رۇس تلىغا تەرجىمە قىلىدۇ.

بارلىق يازما ئۇچۇرلارنىڭ مەزمۇنى چوقۇم تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە يېزىلىشى كېرەك. سول تەرىپى ياكى يۇقىرى تەرىپى دۆلەت تلىدا، ئوڭ تەرىپى تۆۋەن تەرىپى رۇس تلىدا يېزىلدۇ، ھەرپلەرنىڭ چوڭ-كە-چىكلىكى چوقۇم ئوخشاش بولۇشى كېرەك. يازما ئۇچۇرلارنىڭ مەزمۇنى زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تللاردا تولۇقلىما بېرىلىسىمۇ بولىدۇ. خەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى چوقۇم بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئاغزاكى ئۇچۇر، بايانات ۋە ئېلانلار دۆلەت تلى ۋە رۇس تلىدا، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تللاردا ئاڭلىتىلىدۇ.

**22-ماددا خەت-چەك، تېلېگرامما، فاكس يوللاشتا قوللىنىلىدىغان تىل**

قازاقستان چېگرىسى ئىچىدە دۆلەت تلى ياكى رۇس تلى ئارقىلىق خەت-چەك، تېلېگرامما ۋە فاكس يوللىنىدۇ. چەت ئەلگە يوللىنىدىغانلىرى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ.

**بەشىنچى باب دۆلەتنىڭ تىل قوغداش تەدبىرلىرى**

**23-ماددا دۆلەتنىڭ تىل قوغداش تەدبىرلىرى**

قازاقستاننىڭ دۆلەت تلى ۋە باشقا تىللار دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىنىدۇ. دۆلەت ئورگانلىرى زۆرۈر شارائىت ھازىرلاپ بۇ تىللاردىن پايدىلىنىشى ۋە ئۇلارنى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.

دۆلەت تۈرلۈك تىللارنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، ئالدى بىلەن دۆلەت تلى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا قازاق تلىدا تۈرلۈك خەت-ئالاقىلارنى تۈزۈشكە ئۆتىدۇ.

كەسىپ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىر قىسىم خىزمەت، كەسىپ ۋە ۋەزىپىلەرنى چوقۇم مەلۇم دەرىجىدە دۆلەت تلى ئاساسىغا ئىگە كىشىلەر ئۆتىشى كېرەك، بۇ خىل خىزمەت، كەسىپ ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تىزىملىكى قازاقستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى بويىچە تۈزۈلىدۇ.

قازاقستان ھۆكۈمىتى مۇناسىپ ھالدا تېرمىنولوگىيە (ئاتالغۇ ئىلمى)، توپونومىيە (يەر ناملىرى ئىلمى) كومىتېتى ۋە باشقا زۆرۈر بولغان ئورگان-لارنى قۇرۇشى كېرەك.

**24-ماددا تىل قانۇنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتى**

ھەر قانداق مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى، ھەر قايسى تىپتىكى شەخس ۋە ۋاكالەتچىلەرنىڭ قازاقستان جۇمھۇرىيىتى-نىڭ تىل قانۇنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار قازاقستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ دۆلەت تلى بىلمەسلىكىنى باھانە قىلىپ زىيارەتكە كەلگەن-لەرنى كۈتۈۋېلىشنى رەت قىلغۇچىلار، دۆلەت تلى ۋە باشقا تىللارنىڭ پايدىلىنىش دائىرىسىدە بۇ تىللارنىڭ قوللىنىلىشىغا توسقۇن-

لۇق قىلغۇچىلار قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

## 25 - ماددا دۆلەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەر ئورگىنى

ھەر قايسى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەر ئورگىنىنىڭ پائالىيىتى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ھەر قايسى نىزاملار بويىچە تەڭشىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك:

تىلنى راۋاجلاندۇرۇش ساھەسىدە، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن سىياسىتىنى يولغا قويۇش؛

دۆلەتنىڭ تىلدىن پايدىلىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش؛

تىل قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تىل قانۇنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشىنى توسۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش؛

قازاقىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى توپونومىيە ۋە تېرمىنولوگىيە خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش.

تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەر ئورگىنىنىڭ ھوقۇقى؛

ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە تىل قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش؛

ھەر قايسى مىنىستىر، كومىتېت، مەركەز ۋە يەرلىك ئىجرائىيە ئورگانلىرى، ھەر خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى تەشكىلاتلاردىن ھەر خىل تىللارنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك نىزاملار ۋە دۆلەت پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارغا ئېرىشىش؛

قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش.

## 26 - ماددا مەركەز قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە باشقا دۆلەت ئورگانلىرى چوقۇم مەزكۇر قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىقتىساس خادىملىرى، ماددىي تېخنىكا، مالىيە ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتلەردە كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

## ئالتىنچى باب تىلنىڭ باشقا دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا قوللىنىلىشى

## 27 - ماددا تىلنىڭ خەلقئارا ئالاقىدىكى قوللىنىلىشى

قازاقىستاننىڭ دىپلوماتىيە ۋەكىللەر ئورگىنى، شۇنداقلا قازاقىستاننىڭ خەلقئارا تەشكىلاتتىكى ۋەكىللەر ئورگىنى پائالىيەت جەريانىدا دۆلەت تىلى قوللىنىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تىللارنى قوللىنىلىدۇ.

بەلگىلىمە بويىچە، ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان خەلقئارا كېلىشىم ئىككى تەرەپنىڭ دۆلەت تىلى بويىچە ئىمزالىنىدۇ، كۆپ تەرەپ ئىمزالىغان خەلقئارا كېلىشىم ئۆزلىرى بەلگىلىگەن تىلدا ئىمزالىنىدۇ.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە باشقا دۆلەت ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا دۆلەت تىلى قوللىنىلىدۇ، ھەمدە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. (02)

# قازاقىستاننىڭ قانۇن چىقىرىش ئەھۋالى

• قازاقىستاننىڭ قانۇن چىقىرىش مەسىلىسىگە نىسبەتەن 1997-يىلى 3-ئاينىڭ 27-، 28-كۈنى ئالمۇتادا مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. قازاقىستاننىڭ بۇ خىل يىغىننى ئۆتكۈزۈشى تۇنجى قېتىم، قانۇن تەتقىقات خادىملىرى، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى قىزغىن ۋە ئۈنۈملۈك تەھلىل قىلىشىمۇ تۇنجى قېتىم، يىغىننى دۆلەت پارلامېنتى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت ۋە قانۇن تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان. يىغىنغا قازاقىستاننىڭ ئاتاغلىق قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى قاتنىشىپلا قالماستىن، يەنە روسىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ قانۇن خىزمەتچىلىرى جەمئىيەتنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋنىڭ 1997-يىلى 1-ئايدا ئىككى پارلامېنت ۋەكىلى بىلەن ئۇچراشقاندا سۆزلىگەن «قانۇن چىقىرىشتا چوقۇم ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئالدىدا مېڭىش كېرەك» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت.

پارلامېنت ئەزاسى مارات. ئاسفانوۋ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇ ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدلەش تەلەپپۇزىدا مۇنداق دېدى: بىر يىلدىن بۇيان پارلامېنت 119 ماددا قانۇننى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 50 ماددىنى زۇڭتۇڭ قول قويۇپ كۈچكە ئىگە بولدى، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتابنامە شەكلىدە بولۇپ، ئابستراكت، بۇلار قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب، تەرەققىيات ماسلاشمىغان، قانۇن چىقىشتا تەجرىبە تېخنىكلار كەمچىل، ئىلمىي، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەمچىل.

قانۇننىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر ئامىل قانۇننىڭ ئىلمىلىكى بىلەن مۇۋاپىقلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەر ھەل بولمىدى. بۇ خىل پاسسىپ تەسىرنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مۇقىم خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ ھەم پارلامېنتلار يېتەكچىلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى. خىزمەت نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، قانۇن ۋە باشقا نىزاملارنى تۈزۈش. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانۇننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماس كەلگەن-كەلمىگەنلىكى، خەلقئارا قانۇن-بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش.

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى، دۆلەت ۋە قانۇن تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، قانۇنشۇناسلىق دوكتورى سەپەرزارىيېۋ «قانۇن بىلەن ئاساسىي قانۇننىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. دوكلاتتا «ئاساسىي قانۇن»، «ئاساسىي قانۇن قائىدىلىرى»، «قانۇن» دىن ئىبارەت ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەللىك مۇناسىۋىتى شۇنداقلا ئۇلار

ىلەن «قانۇن ھۆججىتى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆرسىتىپ ئۆتتۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ھازىرقى قانۇن ھۆججىتىگە ئۆزگەر-تىش كىرگۈزۈش ۋە بارلىق قانۇن سىستېمىسىنى يەنىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. دوكلاتتىن كېيىن دۆلەتنىڭ زۇڭتوڭ ياردەمچىسى، قانۇنشۇناسلىق دوكتورى روگوۋ سۆز قىلدى. ئۇ قازاقىستاننىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسلىق ماددىلىرى ۋە ئۇنىڭ يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا قانداق يولغا قويۇلىشى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنشۇناسلىق دوكتورى مارىنوۋ چەت ئەل مەبلىغى قانۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا سۆز قىلدى.

يىغىندا بېرىلگەن دوكلاتلاردا دۆلەتنىڭ ھەق-تەلەپ قانۇنى ئىسلاھاتى توغرىسىدا تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بولۇپمۇ ئۈچ تەرەققىيات نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ (1) قانۇن كودېكسى (ھەق-تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق-تەلەپ دەۋا قانۇنى قاتارلىقلار) تۈزۈش ئۇسۇلىنى بەلگىلەش ۋە ئېلان قىلىش؛ (2) قانۇن تۈزۈشنى سىستېمىلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ (3) ھازىرقى قانۇنغا نىسبەتەن ئىلمىي ئاساستا ئىگە ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىش.

پۈتۈن يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە بەش كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى:

— قانۇن چىقىرىش جەريانىنى مۇھاكىمە قىلىش گۇرۇپپىسى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت ۋە قانۇن تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، قانۇنشۇناسلىق دوكتورى سەپەرزارىيېۋ.

ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش گۇرۇپپىسى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى دۆلەت ئىقتىساد، مالىيە، خام چوت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئىقتىسادشۇناسلىق دوكتورى تۇلېسوۋ.

ئىجتىمائىي قانۇن تۈزۈش گۇرۇپپىسى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى زۇڭتوڭ ياردەمچىسى، قانۇنشۇناسلىق دوكتورى روگوۋ.

ئېكولوگىيىلىك قانۇن — بەلگىلىمىنى مۇھاكىمە قىلىش گۇرۇپپىسى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى تېخنىكا ئىلمىي دوكتورى، پارلامېنت ئەزاسى رامزانوۋ.

قازاقىستاننىڭ رايون تەرەققىياتى قانۇن-بەلگىلىمىسىنى مۇھاكىمە قىلىش گۇرۇپپىسى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى قازاقىستان دۆلەتلىك سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى مەمۇرىي قانۇن ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى. قانۇنشۇناسلىق كاندىدات دوكتورى تارانوۋ.

گۇرۇپپىلار يىغىندا جەمئىي 3100 پارچە دوكلات بېرىلدى. دوكلات بەرگەنلەردىن يەتتە نەپەر ئاكادېمىك، ئىككى نەپەر مۇخبىر ئاكادېمىك، 17 نەپەر دوكتور، 66 نەپەر كاندىدات دوكتور ۋە باشقا كەسپىي ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى، قانۇن خىزمەتچىلىرى پارلامېنت ئەزالىرى بار. گۇرۇپپىلار يىغىنىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بىر قىسىم دوكلاتلار بېرىلدى، مەسىلەن، «قانۇن-تۈزۈم جەمئىيىتى بەرپا قىلىشتا ئۇچرايدىغان قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر»، «خەلقئارا شەرتنامە ۋە قانۇن چىقىرىش»، «قازاقىستان قانۇن چىقىرىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرىدۇ»، «قازاقىستاننىڭ ھەق-تەلەپ قانۇنى ۋە بانكا قانۇنى»، «زاسېداتېللار قانۇنىنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش»، «ئۆتكۈنچى

دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ قانۇنىي كاپالىتى» ، «قازاقىستان ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى» ، «ئەمگەك قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسى» ، «نازارەت تەپتىش قىلىش ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەت» ، «بەر قانۇنى ۋە بازار» ، «يەرلىك كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى قانۇنىي ئاساس» قاتارلىقلار.

گورۇپپىلار ئارا مۇزاكىرىدە، ئامېرىكىنىڭ قانۇن خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى داۋىد.ۋاۋىن ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا كىچىك تىپتىكى كارخانىلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىشنى قوغداش مەسىلىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئامېرىكىدا كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس تارماق بولۇپ، بۇ تارماق كارخانىلارنىڭ تىجارەت پىلانىغا ئاساسەن ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ، بۇ ياردەملەر يەر، ئۆي، ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىلارنى سېتىۋېلىش ۋە تىجارەتكە ئېلىش ئۈچۈن قەرز بېرىش. يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى بەرپا قىلىش ياكى ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قەرز بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۇ تەجرىبىلىرىنى يېقىندا ئالمۇتادا قۇرۇلغان قازاقىستان كارخانىلارنى قوللاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزى پايدىلىنىدۇ.

يىغىن ۋەكىللىرى بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان قانۇن ۋە نىزاملارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، دۆلەت، رايون ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئورتاق كاپالەتلىك قىلىش. ئۇنىڭدىن باشقا، قانۇن چىقىرىشتا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پىششىق بىلىدىغان قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى، شۇنداقلا قانۇن مەسىلىلىرىنى چۈشىنىدىغان ئىقتىسادشۇناسلار ئاكتىپ قاتنىشىشى كېرەك. پارلامېنت بۇ قانۇن-نىزاملارنى تەستىقلىغاندا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى، ئىجتىمائىي مەنپەئەتى ۋە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى نەزەردە تۇتۇشى، ھەرگىزمۇ بىر قىسىم تەشەببۇسلارنىلا نەزەردە تۇتماسلىقى كېرەك.

يىغىن ۋەكىللىرى ئېيتقاندەك، ئورغۇنلىغان قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى سەۋەبسىزلا كېچىكتۈرۈلگەن. قازاقىستاندا ھازىرغىچە كارخانىلارنى ئۆتتۈنۈپ بېرىش، سانائەت پۇل-مۇئامىلە گورۇھى قۇرۇش، كارخانىلارنى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن قانۇن يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن، «ھەسسىدارلىق شىركەت قانۇنى» ، «كارخانىنىڭ تىجارەت ھەرىكىتى قانۇنى» ۋە باشقا نۇرغۇن قانۇنلارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ دوكلاتىدا ئىككى خىل روشەن خاھىش بار، بىرى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان قانۇن تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىدىغان قانۇن تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ خىل قانۇن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىكەن. بۇ قېتىمقى يىغىن پارلامېنتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى، زۇڭتۇڭ بەنگۇڭتىڭى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ

# روسىيگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردا چوقۇم روسچە شەرتلىك بەلگىلەر بولۇشى كېرەك

1997-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ رۇس تىلىدا شەرتلىك بەلگە قويۇلمىغان چەت ئەل يېمەكلىكلىرىنىڭ رۇسىيىگە ئېكسپورت قىلىنىشى مەنئىي قىلىندى.

دۆلەت تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خەۋرىگە قارىغاندا، روسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتى ئورۇنلىغان ئىمپورت سودىگەرلىرىنىڭ پىلانىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە پىسەنت قىلماي، يېڭى بەلگىلىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلغان.

ھۆكۈمەتنىڭ 1996-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى قارارى بويىچە، ئىمپورت يېمەكلىكلىرىدە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئەسكەرتىلىشى كېرەك: نامى، تۈرى، ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت، زاۋۇت، ئېغىرلىقى، تاۋانىڭ ئاساسىي تەركىبىي، يېمەكلىك خۇرۇچى، يېمەكلىك قىممىتى (بالىلار يېمەكلىكلىرى، داۋالاش يېمەكلىكلىرى ۋە ئۇزۇنقلۇق ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرىنىڭ ئىسسىقلىق چىقىرىش مىقدارى ۋە ۋىتامىن تەركىبىي) قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ساقلاش شارائىتى، مۇددىتى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، يېيىش ئۇسۇلى، باب كېلىش دائىرىسى ۋە مەلۇم كېسەللەرگە نىسبەتەن مەنئىي قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار چاپلىنىشى كېرەك.

رۇس تىلىدىكى شەرتلىك بەلگىلەر قاچىلاش بويۇمى ۋە تاۋار ماركىسىنىڭ ئۈستىگە لايىھىلىنىشى كېرەك. ئەگەر قاچىلاش بۇيۇمى ياكى تاۋار ماركىسى بەك كىچىك بولسا، ئايرىم تاۋارغا رۇس تىلىدا ئايرىم چۈشەندۈرۈش بېرىلىشى كېرەك.

بۇ خىزمەتلەرنى يولغا قويۇش ۋە تەكشۈرۈشتە دۆلەت تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ، ئاساسلىقى روسىيىگە كىرگۈزۈلگەن چەت ئەل مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى قوغدىلىدۇ. ئىمپورت تاۋارلىرىغا رۇس تىلىدا شەرتلىك بەلگىلەرنى چاپلاش بىلەن ساختا تاۋارلارنىڭ روسىيە بازىرىغا كىرىشىنى توساپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇلارمۇ بىلىدۇ. تاۋارلارغا قايسى خىل تىلدا قانچىلىك بەلگىلەر چاپلانسۇن ئوخشاشلا تاۋارلارنىڭ ئىچى-تېشى بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ خىلدىكى تاۋارلار بىلەن تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارغا نىسبەتەن سۈپەت جەھەتتىكى نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك. (02)

**********************************************

ئىلىم-پەن، كارخانا ساھەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئاشۇرىدۇ. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان ماتېرىياللار قانۇن تۈزۈش، قانۇن چىقىرىش مۇھىم نۇقتىسىنى بەلگىلەش، قانۇن چىقىرىشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا پايدىسى زور. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تەشكىللىگۈچىلەر قازاقىستاننىڭ قانۇن چىقىرىش مەسىلىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات ۋە پىكىرلەرنى كىتابچە قىلىپ چىقىرىشنى پىلانلىدى. (02)

# روسىيە هاراق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتمەكتە

روسىيە باج ئىشلىرى ئورۇنلىرى يېقىندا تەدبىر قوللىنىپ، هاراق ۋە تەركىبىدە ئىسپىرت بولغان ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ. مەزكۇر خەۋەرنى مەخسۇس هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس سېتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالېكساندىر دولژېنكوۋ ت ئا س س ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى بىلەن قىلغان سۆھبەتتە ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە ئىتتىپاقداش باج ئىدارىلىرىنىڭ هۆكۈمەتنىڭ هەر قايسى ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار دۆلەت تەرىپىدىن مەخسۇس سېتىلىدىغان تىجارەت قىلىپ سېتىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان سىستېمىنى بەرپا قىلىدىغانلىقىنى، پەقەت هۆكۈمەت بىر تۇتاش تىزىمغا ئالغان ئورۇنلارلا بۇ خىل تاۋارلارنى قانۇنلۇق توپ سېتىش هوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى هەم شۇنداقلا باج ئېلىش ئارقىلىق ئامالنىڭ بېرىچە بۇ خىل باشقۇرۇشنى تېز مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئالېكساندىر. دولژېنكوۋنىڭ قارىشىچە، باج ئورۇنلىرىنىڭ يۇقىرىقى قارارنى چىقىرىشتىن مەقسىدى هاراق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، هازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن-بەلگىلىمىلەرگە قارىتا زۆرۈر بولغان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىبارەت. مەسىلەن، هاراق تىجارەتچىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش چەكلىمىسى ۋە هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئىجازەتنامىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، پەقەت ئىتتىپاقداش ئورۇنلارنىڭلا يېڭى هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىش هوقۇقى بولىدۇ.

باج ئورۇنلىرى مال ئالماشتۇرۇش ۋە نەق پۇل هېساۋاتى ئارقىلىق هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارغا ئېرىشىش ۋاسىتىسىنى چەكلەش زۆرۈر دەپ قارايدۇ.

هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت قىلىش ۋە سېتىش ئەھۋالىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېز سۈرئەتتە بارلىق هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت ۋە ماگىزىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىزىمغا ئېلىش تۈزۈمىنى بېكىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قاتار يۈرۈشلەشكەن قانۇننى بەلگىلەش كېرەك، مەسىلەن: روسىيە فېدېراتسىيىسى تەۋەلىكىدىكى هاراق ئىشلەپچىقىرىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش، ئىلغار ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ ناچار مەھسۇلاتلارنى توساش هەمدە قانۇنسىز ئىشلەپچىقىرىلغان هاراق مەھسۇلاتلىرىنى مۇسادىرە قىلىش تۈزۈمىنى بېكىتىش قاتارلىقلار. 1997-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ، روسىيە باج ئورۇنلىرى هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستىمال بېجى قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، يېڭىدىن قوللىنىلغان مېتال بەلگە هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ساختىلىقتىن ساقلىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى. (03)

# تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى

روسىيە فېدېراتسىيىسى، بېلوروسسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق تۆت تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلىتىنىڭ 1992-يىلدىن 1996-يىلغىچە بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدىكى تەھلىل م د ب ستاتىستىكا كومىتېتى ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەر ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلار ھەم ماتېرىياللار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى، 1991-يىلى ئۆلچەم يىلى قىلىپ تاللىۋېلىندى. بۇ ماقالىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلچەم يىلى — 1991-يىل ئاۋۋالقى يىل بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، نىسبەت چىقىرىلدى. سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پۇللىرى شۇ دۆلەتلەر دۆلەت بانكىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئېلان قىلغان تاشقى پىرۇوت ئايرىۋاشلاش نىسبىتى بويىچە ئامېرىكا دوللىرى پۇل بىرلىكى قىلىندى. ئىزاھلاپ قويىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، ئامېرىكا دوللىرىنى پۇل بىرلىكى قىلىدىغان بۇ ئۇسۇل مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

بىر دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە سۈرئىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان سان — شۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىن ئىبارەت. تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1992-يىل بىلەن 1996-يىل ئارىلىقىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41% تۆۋەنلىدى. ھالبۇكى مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە م د ب دىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% تىن تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە روسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن بېلوروسسىيىنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8% ۋە 9%، قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستاننىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا 10% ۋە 11% تۆۋەنلىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، 1996-يىلى قىرغىزىستان، قازاقىستان ۋە بېلوروسسىيىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى سەۋىيىگە، روسىيىنىڭ بولسا 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ دۆلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسى يارىتىلغان 1989-1990-يىللارنىڭ 53% — 63 % تىگە توغرا كەلدى.

ۋەھالەنكى، 1996-يىلنى 1995-يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتى ئاستىلاپ، بەزى ياخشى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، 1996-يىلى قىرغىزىستاننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6%، ئوخشاش ۋاقىتتا بېلروسسىيىنىڭ

3٪، قازاقىستاننىڭ 1٪ ئۆستى، لېكىن مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئومۇمىي جەھەتتىن 5٪ تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە روسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ 6٪ چۈشتى.

1996-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت روسىيە فېدېراتسىيەسى بولۇپ، 2981 ئامېرىكا دوللىرى (شۇ يىلدىكى رەسمىي پۇل ئايرىۋىلاش نىسبىتىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى بويىچە ھېسابلاندى.)غا يەتتى، ئەڭ تۆۋىنى قىرغىزىستان بولۇپ ئاران 383 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. روسىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بېلورۇسسىيە بىلەن قازاقىستاننىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 56.5٪، قىرغىزىستاننىڭ 87.2٪ ئاز.

1991-يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىستېمال نىسبىتى روسىيە فېدېراتسىيەسى، بېلورۇسسىيە ۋە قىرغىزىستاندا 8٪ —13٪ ئۆستى، قازاقىستاندا بولسا 2٪ ئۆستى. ئومۇمىي يىغىندىنىڭ نىسبىتى قازاقىستان بىلەن بېلورۇسسىيەدە 2٪ —4٪، روسىيە فېدېراتسىيەسىدە 13 پىرسەنت تۆۋەنلىدى، قىرغىزىستاندا بولسا بۇ نىسبەت 3٪ ئاشتى.

## سانائەت مەھسۇلات قىممىتى

ئامۇزنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1991-يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 38٪ ~64٪ تۆۋەنلىدى، 1995-يىلى تۆۋەنلەش سۈرئىتى سەل-پەل ئاستىلىدى. 1996-يىلنى 1995-يىلغا سېلىشتۇرغاندا سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) بېلورۇسسىيەدە 3.2٪، قازاقىستاندا 0.3٪، قىرغىزىستاندا 10.8٪ بولدى. ھالبۇكى، روسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، 5٪ چۈشتى.

## يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى

1991-يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 20٪ ~40٪ تۆۋەنلىدى. بېلورۇسسىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1996-يىلى تۆۋەنلەشتىن توختىدى. روسىيە فېدېراتسىيەسى، قازاقىستان، قىرغىزىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتى داۋاملىق تۆۋەنلەۋەردى.

## مەبلەغ سوممىسى

1996-يىلنى 1991-يىلغا سېلىشتۇرغاندا، مەبلەغ سېلىش سوممىسى بېلورۇسسىيەدە 67٪، قازاقىستاندا 89٪، قىرغىزىستاندا 44٪، روسىيە فېدېراتسىيەسىدە 70٪ تۆۋەنلىدى. كىشى بېشى قىممىتى ماس ھالدا 196، 83، 72 ۋە 489 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى 1997-يىلى يەنە داۋاملاشتى، 1997-يىلنىڭ 1-پەسلىنى 1996-يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ قىممىتى قازاقىستاندا 18٪، قىرغىزىستاندا 68٪، روسىيە فېدېراتسىيەدە 8٪ تۆۋەنلىدى،

پەقەت بېلوروسسىيىلا بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغ 13% ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مەبلەغ سوممىسى ئەڭ چوڭ بولغىنى يەنىلا روسسىيە فېدېراتسىيە-سى بولۇپ، 489 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كەلدى. ئەڭ كىچىك بولغىنى قىرغىزىستان بولۇپ، 72 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كەلدى. روسسىيە فېدېراتسىيىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ سان بېلوروسسىيىدە 60%، قازاقىستاندا 83%، قىرغىزىستاندا 85% ئاز.

## پۇل پاخاللىقى

پۇل پاخاللىقىنى ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن ئىپادىلىگەندە: 1995-يىلى بېلوروسسىيىنىڭ 710%، قازاقىستان، روسسىيە فېدېراتسىيىنىڭ 130% ~ 180%، قىرغىزىستاننىڭ 50% بولدى. 1996-يىلى بۇ سان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 35% تۆۋەن-لىدى. 1996-يىلى پۇل پاخاللىقى ئەڭ ئېغىر بولغىنى بېلوروسسىيە بولۇپ 50% كە يەتتى. ئەڭ كىچىكى روسسىيە فېدېراتسىيىسى بولۇپ ئاران 20% بولدى.

ھەر قايسى دۆلەتلەر پۇللىرىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ئايرىۋاشلىنىش نىسبىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش ھەجمى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، 1995-يىلدىكى 70% ~ 221% تىن 1996-يىللى 10% ~ 18% كە چۈشتى. بۇ تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ قاتتىق پۇل سىياسىتى يۈرگۈز-گەنلىكىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

## تاشقى سودىسى

تاموژنا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۆۋەنلەۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىقتىساد كەسپىي بارغانسېرى كېڭەيمەكتە، لېكىن 1996-يىلى بۇ دۆلەتلەرنىڭ سودا سوممىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى سەل ئاستىلاپ قالدى، مەسىلەن، 1995-يىلنى 1994-يىلغا سېلىشتۇرغاندا بېلوروسسىيىنىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسى 84% ئاشتى، ھالبۇكى، 1996-يىل-نى 1995-يىلغا سېلىشتۇرغاندا 21% ئاشتى، ئاشقانلىرى ماس ھالدا: قازاقىستاننىڭ 30% ۋە 20%، قىرغىزىستاننىڭ 42% ۋە 44%، روسسىيە فېدېراتسىيىنىڭ 20% ۋە 5% بولدى، ئەگەر 1997-يىلى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇ-لاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مۇقىم ئاشمىسا سودىنىڭ ئېشىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئېكسپورت قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى بېلوروسسىيە بىلەن روسسىيە فېدېراتسىيىسى بولۇپ، 500 ~ 600 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كەلدى. لېكىن بۇ كۆرسەتكۈچ قازاقىستاندا تەخمىنەن 33%، قىرغىزىستاندا 80% چۈشۈپ كەتتى، بېلوروسسىيە بىلەن قىرغىزىستاننىڭ تاشقى سودىسىدا داۋاملىق پاسسىپ بالانس كۆرۈل-دى، قازاقىستان بىلەن روسسىيىنىڭكىدە بولسا ئاكتىپ بالانس كۆرۈلدى.

تاشقى سودا پائالىيەتلىرىدىكى چەكلى-مىلەرنى تۈگىتىپ، تاموژنا ئىتتىپاقىغا كىرىش، تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى تاموژنا بېجىنى بىكار قىلىش بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى (تاۋار ئوبوروتى سوممىسى)نى كۆرۈنەرلىك ئاشۇر-دى. مەسىلەن، 1995-يىلنى 1994-يىلغا سېلىشتۇرغاندا بېلوروسسىيىنىڭ تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودا سوممىسى

68% ئاشتى، 1996-يىلى 27% ئاشتى. بۇ سانلار ماس ھالدا قازاقىستاندا 42% ۋە 31%، قىرغىزىستاندا 42% ۋە 40%، روسسىيە فېدېراتسىيەسىدە يىلىغا 14% بولدى.

بېلورۇسسىيەنىڭ م د ب دۆلەتلىرىگە ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسلىق تاۋارلىرى: قاتناش قوراللىرى (17%)، ماشىنىسازلىق سايمانلىرى (18%)، كان مەھسۇلاتلىرى (12%)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (12%) ۋە توقۇلما بۇيۇملار (80%) دىن ئىبارەت. بېلورۇسسىيەنىڭ غەيرىي م د ب دۆلەتلىرىگە ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرى توقۇلما بۇيۇملار (19%)، كان مەھسۇلاتلىرى (15%)، قاتناش قوراللىرى (14%) دىن ئىبارەت.

قازاقىستان م د ب دۆلەتلىرىگە ئاساسلىقى نېفىت، كۆمۈر، تەبىئىي گاز (45%)، دانلىق زىرائەتلەر، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، رەڭلىك مېتال، قارا رەڭلىك مېتاللارنى ئېكسپورت قىلىدۇ. غەيرىي م د ب دۆلەتلىرىگە بولسا ئاساسلىقى رەڭلىك مېتال ۋە قارا رەڭلىك مېتاللار (56%)، نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى (26%) ھەم خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (7%) نى ئېكسپورت قىلىدۇ.

قىرغىزىستان م د ب دۆلەتلىرىگە ئاساسلىقى تەييار يېمەكلىك (ئاساسلىقى شېكەر ۋە ئىچىملىك)، خام تاماكا (30%) ئېنېرگىيە توشۇغۇچى (22%)، پاختا، توقۇلما بۇيۇملار (9%)، ماشىنىسازلىق سايمانلىرى (9%) نى ئېكسپورت قىلىدۇ. غەيرىي م د ب دۆلەتلىرىگە بولسا پاختا تالاسى (22%)، رەڭلىك مېتال (21%)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (16%) نى ئېكسپورت قىلىدۇ.

روسسىيە فېدېراتسىيەسى م د ب دۆلەتلىرىگە ئېنېرگىيە توشۇغۇچى (53%)، ماشىنىسازلىق سايمانلىرى (11%)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (10%)، قارا مېتال (9%)، غەيرىي م د ب دۆلەتلىرىگە ئېنېرگىيە توشۇغۇچى (47%)، رەڭلىك، قارا مېتاللار (22%) نى ئېكسپورت قىلىدۇ.

تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ئىمپورت قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە: بېلورۇسسىيەنىڭ م د ب دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلىدىغانلىرى ئېنېرگىيە توشۇغۇچ (45%)، رەڭلىك ۋە قارا مېتال (14%)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (13%) دىن ئىبارەت. قازاقىستاننىڭ ئېنېرگىيە توشۇغۇچ (28%)، ماشىنىسازلىق سايمانلىرى ۋە قاتناش قوراللىرى (23%)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (16%)، رەڭلىك ۋە قارا مېتاللار، تۇرۇبا (14%) دىن ئىبارەت. قىرغىزىستان نېفىت مەھسۇلاتلىرى، كۆمۈر، تەبىئىي گاز، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى (50%) ماشىنىسازلىق سايمانلىرى، قاتناش قوراللىرى (12%)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (9%) قاتارلىقلارنى؛ روسسىيە فېدېراتسىيەسى تىرىك چارۋا، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار، يېمەكلىك (26%)، رەڭلىك ۋە قارا مېتال (17%)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (12%)، ماشىنىسازلىق سايمانلىرى، قاتناش قوراللىرى (12%) نى ئىمپورت قىلىدۇ.

تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى غەيرىي م د ب دۆلەتلىرىدىن ماشىنىسازلىق سايمانلىرى (20% ~ 30%)، يېمەكلىك (20% ~ 40%)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى (7% ~ 20%) قاتناش قوراللىرى (5% ~

9) نى ئىمپورت قىلىدۇ.

بېلورۇسسىيىنىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكى م د ب دۆلەتلىرى بولۇپ، ئۇلار بىلەن بولغان سودا سوممىسى ئۇنىڭ تاشقى سودا سوممىسىنىڭ 66% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە روسىيە بىلەن بولغىنى 78.4%، قازاقىستان بىلەن بولغىنى 1.7%، قىرغىزىستان بىلەن بولغىنى 0.14% نى ئىگىلەيدۇ.

قازاقىستان ئاساسلىق م د ب دۆلەتلىرى بىلەن ئېلىم-سېتىم قىلىشىدۇ، ئۇلار بىلەن بولغان سودا سوممىسى ئۇنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 61% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە روسىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن بولغىنى 79.4%، بېلورۇسسىيە بىلەن بولغىنى 2.6%، قىرغىزىستان بىلەن بولغىنى 3.2%.

قىرغىزىستاننىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكى م د ب دۆلەتلىرى، ئۇلار بىلەن بولغان سودا سوممىسى ئۇنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 66% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بېلورۇسسىيە بىلەن بولغىنى 1.3%، روسىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن بولغىنى 35.1%، قازاقىستان بىلەن بولغىنى 28.6% نى ئىگىلەيدۇ.

روسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكى غەيرىي م د ب دۆلەتلىرى بولۇپ، ئۇلار بىلەن بولغان سودا سوممىسى ئۇنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 77% نى ئىگىلەيدۇ. م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودا سوممىسى ئۇنىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 23% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بېلورۇسسىيە بىلەن بولغىنى 20.5% نى، قازاقىستان بىلەن بولغىنى 18.4% نى، قىرغىزىستان بىلەن بولغىنى 1.0% نى ئىگىلەيدۇ.

## مالىيە ۋە باھا

1995-1996-يىللار تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى قاتتىق مالىيە سىياسىتى يۈرگۈزگەن مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئاساسلىق تىرىشىش نىشانىنى ئىقتىسادىي بۆھرانىنى يېڭىش، پۇل پاخاللىقىنى تۆۋەنلىتىش، دۆلەت پۇلىنىڭ كۇرسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، دۆلەت خام چوتىدىكى قىزىل رەقەمنى كېمەيتىشكە قاراتتى.

بېلورۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستاننىڭ 1996-يىللىق خام چوتىدىكى قىزىل رەقەم 1995-يىلدىكىدىن سەل-پەل ئازايدى. ئۇنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى قىرغىزىستاندا 5.6%، روسىيە فېدېراتسىيەدە 4.2%، بېلورۇسىيەدە 1.3% (ئالدىنقى 9 ئايدا)، قازاقىستاندا 2.6% (ئالدىنقى 9 ئايدا) بولدى، 1996-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن دۆلەت خام چوت كىرىمى بېلورۇسىيەدە 330 ئامېرىكا دوللىرى، قازاقىستاندا 175.7 ئامېرىكا دوللىرى، قىرغىزىستاندا 67 ئامېرىكا دوللىرى، روسىيە فېدېراتسىيەسىدە 739 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. روسىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن دۆلەت خام چوت كىرىمى بېلورۇسىيىنىڭ 54%، قازاقىستاننىڭ 76%، قىرغىزىستاننىڭ 91% تۆۋەن بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن دۆلەت خام چوت چىقىمىدىمۇ ئوخشاش ئەھۋال ساقلاندى.

بېلورۇسسىيەنىڭ 1996-يىلدىكى تاشقى قەرزى 1995-يىلغا سېلىشتۇرغاندا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 14.7%ىنى ئىگىلەشتىن 7.2%ىنى ئىگىلەشكە چۈشتى، بۇ ئەھۋالنى پەيدا قىلغان ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ بىرى شۇكى، روسسىيە فېدېراتسىيىسى بېلورۇسسىيىگە قاراتقان مالىيە تۆلىمىدە ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش (تۆلەم تەلەپ قىلماسلىق)نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تاشقى قەرز سوممىسىنى بىراقلا ئازايتىۋەتتى. قىرغىزىستان، قازاقىستان، روسىيە فېدېراتسىيىنىڭ تاشقى قەرز تەبىئىي كۆرسەتكۈچى ئېشىپ، ماس ھالدا 23%، 19%، 14% بولدى. 1996-يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ماس ھالدا 18.1% ۋە 28.4% بولدى. تاشقى قەرزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن ئىبارەت بۇ كۆرسەتكۈچ 1996-يىلى قىرغىزىستاندا 3.3% ئاشتى، قازاقىستان بىلەن روسىيىدە بولسا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 0.4% ۋە 1.2% تۆۋەنلىدى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، خەلقئارا قائىدىدە بۇ كۆرسەتكۈچنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ 60% كىچە بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ.

باجنىڭ خامچوت كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1996-يىلى بېلورۇسسىيىدە 85%، قىرغىزىستاندا 74%، قازاقىستاندا 63.5%، روسىيىدە 84% بولدى، شۇنداقلا، تامۇژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ خام چوت كىرىمى ئىچىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى 28% بىلەن 48% ئارىسىدا داۋالغۇپ تۇردى.

باجدىن ئىبارەت بۇ يۈكنى يەڭگىللىتىش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا چۈشۈۋاتقان باج بېسىمىنى يەڭگىللىتىش، چوقۇم يېقىن مەزگىلدە ماسلاشقان تەدبىر قوللىنىپ قوشۇلما قىممەت بېجى نىسبىتىنى 15% چۈشۈرۈش كېرەك.

تامۇژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ مالىيە كۆرسەتكۈچلىرى ئۈستىدىكى تەھلىلدىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، مالىيە سىستېمىسىدا مۇرەككەپ ۋە ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئەھۋاللار ساقلانماقتا، شۇڭا، ۋەزىيەت ھەر قايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىدىن تېخىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، مالىيىدە ھازىر كۆرۈلگەن ياخشى يۈزلىنىشنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇقىملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا.

## مۈلۈكچىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىن مۈلۈكچىلىك تۈزۈلمىسى ۋە ھازىرقى بازار ئىسلاھاتى قاتارلىق مەسىلىلەردە تامۇژنا ئىتتىپاقىدىكى «4 دۆلەت» نىڭ ھەممىسى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش شەكلىنى قوللاندى. 1996-يىلدىن ئىلگىرى دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، روسىيە فېدېراتسىيىدە 7.7%نى، قىرغىزىستاندا 23.2%نى، قازاقىستاندا 25.3%نى، بېلورۇسسىيىدە 35.3%نى ئىگىلەيدىغان بولدى. 1995-يىلى روسىيە فېدېراتسىيىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار بارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ 11%ىنى، بېلورۇسسىيىدە 70% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

تۆت دۆلەتنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش

ئىسلاھاتى سودا، ئاممۋى يېمەك-ئىچمەك ۋە مۇلازىملىق كارخانىلىرىدىن باشلاندى. شۇڭلاشقا، خۇسۇسىي كارخانىلار ئىچىدە بۇ خىل كارخانىلار زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل كارخانىلارنىڭ 1996-يىلى بېلورۇسسىيەدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 48%، قازاقىستاندا 49%، قىرغىزىستاندا 61%، روسسىيەدە 5.9% بولدى.

كولخوز ئىگىلىرىنىڭ دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى ئىشلىتىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى ئاساسىي شەكىل قىلغان ھالدا يەرلەرنى قايتا تەقسىملەش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇنداق كولخوزلار 1991-1995-يىللىرى قازاقىستاندىكى نىسبىتى يەتتە ھەسسە، قىرغىزىستاندا 57 ھەسسە، روسسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە بېلورۇسسىيەدە تۆت ھەسسە كۆپەيدى.

## قاتناش ترانسپورت

قاتناش-ترانسپورت سىستېمىسىنىڭ قالاق ھالىتى سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى چەكلىمە ۋە بۇ ياش مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا كىرىشىدىكى توسالغۇ بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ قازاقىستاندا ئەڭ ئېغىر. قىرغىزىستان ئەمەلىيەتتە خەلقئارا قاتناش غول لىنىيىسى بىلەن تۇتىشالمايدىغان دۆلەت بولۇپ، ئەھۋال تولىمۇ قىيىن، مەسىلەن، قازاقىستان روسسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ تۇرۇبا غول لىنىيىلىرىگە تايانسا ئاندىن ئۆزىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گازىنى ئېكسپورت قىلالايدۇ. قازاقىستان، قىرغىزىستاننىڭ غەيرىي م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىمپورت-ئېكسپورتىمۇ پەقەت روسسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پورتلىرى ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۈك ترانسپورتى ياخشى ماسلاشتۇرۇلمىغانلىقتىن، يۈك توشۇش كېچىكىپ قېلىش ئەھۋاللىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق غەيرىي م د ب دۆلەتلىرى بىلەن يىراق مۇساپىلىك سودا ئېلىپ بېرىشى ئەمەلىيەتتە قىلچە پايدىسىز بولۇپ چىقىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كىچىكلىگەنلىكى ۋە يۈك ترانسپورت ھەققى ئۆسكەنلىكى سەۋەبىدىن ئاممۋى ترانسپورت ئەسلىھەلىرى (تۇرۇبا ترانسپورتى بۇنىڭ سىرتىدا) ئارقىلىق توشۇلىدىغان ماللارنىڭ 1996-يىلدىكى مىقدارى قىرغىزىستاندا 1991-يىلدىكى توشۇلۇش مىقدارىنىڭ 5% گە، بېلورۇسسىيە ۋە قازاقىستاندا 20% گە، روسسىيە فېدېراتسىيىدە 25%گە توغرا كەلدى. 1995-يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىدى، پەقەت قىرغىزىستاننىڭلا يۈك توشۇش مىقدارى 1996-يىلى 1995-يىلدىكىدىن 7 ئاشتى. يولۇچى توشۇش مىقدارىمۇ ئوخشاشلا تۆۋەنلەپ، بارلىق ئاممۋى قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ (شەھەرلەردىكى رېلىسلىق، رېلىسسىز تراللېبۇس ۋە تاكسىلاردىن باشقا) 1996-يىلدىكى يولۇچى توشۇش مىقدارى 1991-يىلدىكىدىن كۆپ ئازىيىپ كەتتى. 1996-يىلى روسسىيە فېدېراتسىيىسى توشۇغان يولۇچىلار 1991-يىلدىكىدىن 19%، بېلورۇسسىيەدە 51%، قازاقىستاندا ۋە قىرغىزىستاندا 61% ھەم 62% ئازايدى. (01)

# روسىيە ئاۋىئاتسىيە بازىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى

## چەت ئەل شىركەتلىرى قىستىلىپ كىرمەكتە

روسىيە ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتى (TpaHcaэpo) بىلەن تەجرىبە، لايىھەلەش ئىدارىسى ئىل — 96M ئايروپىلانىدىن 12نى سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى.

ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ لېدىرى ئالېك-ساندىرە پولشاكوفنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شىركەت ھازىرچە 6 ئايروپىلانغىلا زاكاز قىلماي دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. 1-تۈركۈمدىكى ئايروپىلانلار-نىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسى 1-تۈركۈمدىكى ئايروپىلانلارنىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسى 450 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان. ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلانلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە تەخمىنەن 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالماق-چى بولغان. لېكىن، روسىيىنىڭ ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن ياخشى ئايروپىلاندىن بىرنى سېتىۋالماقچى بولسا، غەرب ئايروپىلانىدىن بىرسىنىڭ ئۆز دۆلىتى-نىڭ بازىرىغا كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

روسىيىنىڭ بۇ توختامى ئىليۇشىن تەجرىبە، لايىھەلەش ئىدارىسىنىڭ پارىژ ئاۋىئاتسىيە كۆرگەزمىسىنىڭ 40 يىللىقىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە ئىمزالاندى. ئىليۇشىن ئىدارىسىدىكىلەر ئىل - 18 ئايروپىلانىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەزمە قىلدى. بۇ قېتىم فرانسىيىدە ئىل ئايروپىلانلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەزالىرى — يۈك ئايروپىلانى ئىل — 114، ئىل — 96T، ئىل — 76MΦ يولۇچىلار ئايروپىلانى ئىل — 96M ۋە سودا ئايروپىلا-نى ئىل — 103 قاتارلىقلار كۆرگەزمە قىلىندى.

بوئىن ۋە بوشلۇق پويىزى شىركەتلىرى-دىن پەرقلىنىدىغىنى، ئېكسكۇرسىيىچىلەر ۋە ئېكسكۇرسىيە سودىگەرلىرى روسىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ چىرايلىق تاشقى كۆرۈنۈشى-گە ھەۋەس قىلىپ، ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنى سېتىۋېلىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىدى. روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى غەرب ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ بازارلىرىغا كىرىشىگە يېنىكلىك بىلەن يول قويۇۋەرگەنلىكتىن، يېقىنقى بىر قانچە يىلدا بوئىن ۋە بوشلۇق پويىزى شىركەتلىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە روسىيىدىكى ئۇچۇش ئىجازەتنامىسى-گە ئىگە بولۇۋالدى، ھالبۇكى، ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن ئايروپىلانلارنىڭ ئىجازەتنامىسى ئۇزاقىچە «قويۇۋېتىلمىدى» روسىيە ئاي-روپىلانلىرىدىن پەقەت ئىل — 103 لا ئامېرىكىنىڭ «ئىشىك بېلىتى» نى ئالالىدى. ئىليۇشىن لايىھەلەش ئىدارىسىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى گېنرىخ. نوۋوژىلوۋنىڭ ئېيتىشى-چە، ئىل —96M/T ئايروپىلانىغا ئۇچۇش ئىجازەتنامىسى بېرىش خىزمىتى 1997-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاياغلىشىشى لازىمكەن.

ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ روسىيىنىڭ ئىل ئايروپىلانىنى سېتىۋېلىش پىلانى روسىيە

خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى (Аэрофлот) ئىل 96M/T ئايروپىلانىدىن 20نى سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىغاندىن كېيىنكى يىلى قىشتىلا ئىلان قىلىنغانىدى. پىلىشاكوۋ مۇنداق دەيدۇ، بۇ شىركەتنىڭ دەسلەپتە ئىشلەتكىنى ئىل — 86 ئايروپىلان، بۇ ئايروپىلاننىڭ يىراق مۇساپىلەرگە ئۇچۇشى يامان ئەمەس، 1992-يىلىدىن باشلاپ، ئايروپىلان 10 مىڭ سائەت ئۇچۇپ، 350 مىڭچە يولۇچىنى توشۇدى. گەرچە بۇ ئايروپىلاننى ئىشلىتىش ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن خېلى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە، بۇ خىل ئايروپىلان مۇشۇ شىركەتنىڭ ئايروپىلانلىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر روسىيەدە ئىشلەنگەن ئايروپىلان بولۇپ قالدۇ. ئېنىقكى،

ئاۋىئاتسىيە شىركىتى دۆلەت ئىچى ئايروپىلان سانائىتى رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك ئايروپىلانلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيدى دەپ قارىغانلىقتىن، ئامېرىكىنىڭ DC — 10 ۋە بوئىن ئايروپىلانلىرىنى ئىشلەتكەن.

ئىلىيۇشىن لايىھەلەش ئىدارىسى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ماتور ۋە ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى سەپلەنگەن ئىل — 96 ئۆزگەرتىلگەن ئايروپىلاننى بازارغا سالغاندىن كېيىن، ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئىل ئايروپىلانىغا يېڭىۋاشتىن قىزىقتى. 386 نەپەر يولۇچى سىغدۇرىدىغان بۇ ئايروپىلان ئەمەلىيەتتە ئۇرغۇن تەرەپلەردە غەربنىڭ ئۆلچىمىگە لايىقلاشتۇرۇلغان — يولۇچىلار بۆلمىسىنىڭ ئىچكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆزگەرتىلگەن، تۆۋەن شاۋقۇنلۇق ماتور ۋە يورۇشلەشكەن يولۇچىلار كۆڭۈل ئېچىش سىستېمىسى ئورنىتىلغانىدى.

فرونېش ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى 2001-يىلى ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتىگە 1-ۋە 2-ئايروپىلاننى تاپشۇرىدۇ.

روسىيە ئايروپىلان ياسىغۇچىلىرى ئاڭلايدىغان خۇشخەۋەر شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىدى. ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلان زاكاز قىلغانلىق خۇشخەۋىرى سېنات تېلغا جىممىدە يېتىپ باردى. ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئامېرىكىدا رايونسىمان ترانسپورت ئايروپىلانى زاكاز قىلىدىغانلىقىنى پىلىشاكوۋ 1997-يىلى 2-ئايدا ئىلان قىلغانىدى، يېقىندا بۇ گەپ پارىژ ئاۋىئاتسىيە كۆرگەزمىسى مەزگىلىدە دەلىللەندى. ھالبۇكى، روسىيىنىڭ ئوخشاش تىپتىكى تۇپولېۋ ئايروپىلانىنى سېتىۋېلىش ئىشى شىركەتنىڭ پىلانىغا تېخى كىرگۈزۈلمىدى.

قىزىقارلىقى شۇكى، ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئىل — 96 ئايروپىلانىنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى يېقىندا روسىيە خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ھېلىقى سودىسى بىلەن خۇددى بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئوخشىشىدۇ. ئىل — 96M/T ئايروپىلانىغا پۇخوي ماتورىدىن 20 نى ئورناتماقچى ۋە ئامېرىكا بانكىلىرىنىڭ بۇ پىلانغا مەبلەغ سېلىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغاندا، ۋاشىنگتوننىڭ روسىيىنىڭ سېناتىدىن 10 بوئىن ئايروپىلانى سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى كىشىلەرنىڭ يادىدا تېخى بار. پىلىشاكوۋ ئىل — 96M پىلانىنىڭ خىراجىتىگە چەت ئەلدىن مەنبە تېپىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتىدۇ، ئىل ئايروپىلانىغىمۇ پۇخوي شىركىتىنىڭ ماتورى ئىشلىتىلمەكچى، بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى، ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بوئىن شىركىتى بىلەن يېقىنقىدەك توختام ئىمزالاشتىن ساقلىنالمايدۇ.

گېنېرىخ. نوۋوژىلوۋ چەت ئەل ئايروپىلان ياساش سودىگەرلىرى بىلەن كەڭ دائىرىلىك ھەمكارلىشىش سىياسەتلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانىدى. ئامېرىكىلىقلار بۇ قولى بىلەن بىر نەرسە بەرسە، ئۇ قولى بىلەن بىر نەرسە ئالىدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇم مەنپەئەت يېتىشى كېرەك. روسىيە بازىلىرى ھازىر تەدرىجىي ھالدا بوئىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتۈپ كەتتى. روسىيىنىڭ مۇشۇنداق توختامغا ئىگە بولۇشىمۇ ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى ئۇ ھازىرقى ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان ئاۋىئاتسىيە سانائىتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى. لېكىن، كىشىلەر ھەر قېتىم ئامېرىكا ماتورلىرىنىڭ قېپىنى ئاچقىنىدا، پېرمۇ، سامارا ياكى دىبىنسكىدىكى ماتور ياسىغۇچىلارنىڭ ئىشتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كاللىسىدا ئېنىق بىلىشى كېرەك.

غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ئەگەر سىياسىي ئامىلنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ ئاۋىئاتسىيە سانائىتىنى قاچانلا بولمىسۇن ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى ئويلاشمىغاندا، ئىشسىز قالىدىغانلار ماتور ياساش زاۋۇتى بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بۇ سەپكە يەنە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئېلېكترون سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلىرى بىلەن يۈزلىگەن، مىڭلىغان مۇناسىۋەتلىك باشقا كارخانىلار قوشۇلۇپ كېتىدۇ، روسىيىگە ئايرىم ھۈنەر-سەنئەتنى ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئورنىغا پۈتكەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش بۇ دۆلەتتە بىر خىل پەننى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ، بۇ پەن بولمىسا روسىيىنىڭ ئاۋىئاتسىيە سانائىتىنىڭ كەلگۈسىمۇ يوققا چىقىدۇ.

## ئۆز دۆلىتىنىڭ زاۋۇتلىرى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىماقتا

روسىيىنىڭ ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى چەت ئەل ئايروپىلانلىرىنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان چەت ئەل ئايروپىلانى 40 قا يەتتى ۋە ئۇلارنىڭ 31ى غول لىنىيىگە سېلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يۈزلىنىش بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيىدە ئىشلەنگەن ئايروپىلانلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئازىيىپ، ئايروپىلان ئېكسپورتى ئەمەلىيەتتە توختاپ قالدى.

1993-يىلى روسىيىدە ئىشلەنگەن ئايروپىلانلار دۇنيادىكى ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىدىكى ئايروپىلانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 18% نى ئىگىلەيتتى، بۇ تېخى يۈك ئايروپىلانى ۋە ياك —40 ئايروپىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. روسىيە ئايروپىلانلىرى روسىيىدە ۋە م د ب دۆلەتلىرىدە ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەنە شەرقىي ياۋروپا، ئاسىيا (جۇڭگو) ئەللىرىگە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە چىقىرىلغانىدى.

ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن ئايروپىلاننى سېتىۋېلىشقا كېرەكلىك مەبلەغنىڭ كەمچىل بولۇشى روسىيە ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ چەت ئەل ئايروپىلانلىرىنى سېتىۋېلىشىدىكى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. چەت ئەل ئايروپىلان ياساش سودىگەرلىرى ئۆز ئايروپىلانلىرىنى ساتىدىغان چاغدا مەبلەغ بىرىكتۈرۈپ ئىجارىگە بېرىش ۋە تىجارەتسىمان ئىجارىگە بېرىش شەكلىنى قوللىنىدۇ. بۇ ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ يېڭى ئايروپىلان سېتىۋالغاندا مەبلىغى يېتىشمەسلىك زىددىيىتىنى پەسەيتىدۇ. روسىيىدە ئىشلەنگەن ئايروپىلانلارنىمۇ

ئىجارىگە بېرىش شەكلى بىلەن سېتىش ئويلىشىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر يىلدىن ئارتۇق مۇزاكىرە قىلىنىپمۇ ھېچقانداق نەتىجىسى چىقمىغان. روسىيە ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ 31 غول لىنىيە ئايروپىلانلىرىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن 1996-يىلى چەت ئەللەرگە تاپشۇرغان ئىجارە ھەققى 760 مىليارد رۇبلىغا يەتەن. ۋەھالەنكى، روسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ «روسىيە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تېخنىكىسىنىڭ 2000-يىللىق تەرەققىيات پىلانى» دا مالىيەدىن ئاجرىتىلغان پۇل ئاران 562 مىليارد رۇبلى دەپ بەلگىلەنگەن.

ھازىر روسىيەدە، بىر تەرەپتىن ئاۋىئاتسىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئايروپىلان ياساشقا كېرەكلىك ئايلانما مەبلىغى يېتىشمەيۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت چەت ئەلدىن ئايروپىلان ئىمپورت قىلىشقا سىياسەت ئېتىبارى بېرىپ، تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلارنى كەچۈرۈم قىلىۋاتىدۇ. 1996-يىلى روسىيە زۇڭلىسى چېرنومىلىكتىن بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى گورل ئىمزالىغان بىر پارچە چۈشىنىش ئەسلەتمىسىدە: «روسىيە فېدېراتسىيىسى تەكىتلەيدۇكى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايروپىلانلىرىغا بولغان ئېھتىياج ئاشقان ئەھۋال ئاستىدا، روسىيە ئىقتىسادىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، تاموژنا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش مىقدارىنى كېڭەيتىش ۋە دۆلەت سىياسىتىنى قويۇۋېتىپ بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرىدۇ. روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى بۇ خىل بازارلارنىڭ مۇۋاپىق ئۆسۈشىگە ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانلىرىنى ھەم ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ بۇ بازارغا كىرىشىگە ماسلىشىدۇ دەپ بەلگىلەندى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ باياناتچىسى بۇ ئەسلەتمىگە باھا بەرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى، بۇ بىر ياخشى خەۋەر، چۈنكى ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئالەم قاتنىشى سانائىتىگە مەڭلىغان ئۇنىمگىلىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

روسىيە ھۆكۈمىتى سام تاغىسىغا داۋاملىق ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 7-كۈنى مۇنداق بۇيرۇق ئېلان قىلدى: «... 1994-يىلى ۋە 1995-يىلى روسىيە فېدېراتسىيىسى چېگرىسىغا ۋاقىتلىق كىرگۈزۈلگەن ۋە بېگار ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ھەم كراسنودار ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىچى، خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان بوئىن — 757 ئايروپىلان ۋە دوگلاس DC — 10 ئايروپىلانى، ئايروپىلانغا ۋە كېرەكلىك ۋە قوغداشقا كېرەكلىك سايمانلار، ئايروپىلاننىڭ زاپاس ۋە قوشۇمچە زاپچاسلىرى، ماتوردىن ئېلىنىدىغان بەش يىللىق تاموژنا بېجى، تۈرلۈك ھەقلەر ۋە باشقا باجلار بىردەك كەچۈرۈم قىلىنسۇن.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرى بىرووۋېن ۋەزىپىدىكى چېغىدا، ئەگەر مىتېران زۇڭتۇڭ ياۋروپا زۇڭلى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ سودا ۋە سانائەت مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن دۇنيادىكى باشقا قىتئەلەرگە ئايروپىلان بىلەن ماگىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشى كېرەك. بۇ يالغۇز پو گەپلا ئەمەس. 1994-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۆز ئايروپىلانلىرىنى كۆپەيتىش پىلانى بويىچە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب

بويىچە ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 200 مىليون دوللارلىق خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانى سېتىۋالدى. كلىنتون زۇڭتۇڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا قورال-ياراغ قەرزى بېرىدىغان چاغدا، سەئۇدى ئەرەبىستانى پەقەت ئامېرىكىدىنلا خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايروپىلانى سېتىۋېلىشى كېرەك دېگەن شەرتنى قوشۇمچە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى ياۋروپادىن خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايروپىلانى سېتىۋېلىش پىلانىنى بىكار قىلدى.

روسىيە ھۆكۈمىتى ۋە شىركەتلىرى ئىمپورت مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىغاندا، ھەمىشە بىرلا ۋاقىتتا ئىلغار ھۈنەر-سەنئەت، ئۆز ئارا ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئىجازەتنامە، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا قوشۇمچە ئۇسۇللارنى كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا» ئۈچۈن روسىيە تەرەپنىڭ بۇ خىل مەيدانى ئىشقا ئورۇنلىنىش پۇرسىتىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، دۆلەتنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە فېدېراتسىيە خام چوت كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

غەربتىكى زور رىقابەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئالدىدا، بازار شارائىتىدا تۇرۇۋاتقان روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئاۋىئاتسىيە سانائىتىدىن ئىبارەت مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە سانائەت تارمىقىدىن تەبىئىي ۋاز كېچىش توغرىسىدىكى گەپلەرگە قۇلاق سالماسلىقى كېرەك. بۇ يەردە كېرەك بولۇۋاتقىنى يالغۇز مالىيە جەھەتتىكى قوللاشلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا كېرەكلىك ئىدىيە جەھەتتىكى قوللاش، خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، روسىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئابونتلىرى نەزەرىنى پەيدىنپەي ئۆز دۆلىتىدىكى زاۋۇتلارغا تىكمەكتە. روسىيىدىكى ئەڭ چوڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى روسىيە خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ يېڭى تىپتىكى ئىل — 96 كېڭەيتىلگەن يولۇچىلار ئايروپىلانىنى سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىغانلىقى دەل بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى مىسالى.

ئابدۇھېلىم ئېزىز (ت)

## روسىيە جۇڭگونىڭ يىراق شەرقنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى تۈرلىرىگە قاتنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ

روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارنىڭ ئېيتىشىچە، روسىيە جۇڭگونىڭ ئىركۇتسكى ئوبلاستىدىكى قېتىشقان نېفىتلىكنى ئېچىشقا قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، مەزكۇر قۇرۇلۇشقا 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ نېفىتلىك ئېچىلغاندىن كېيىن موڭغۇلىيە ئارقىلىق جۇڭگو، ياپونىيە ۋە كورىيىنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

روسىيە جۇڭگونىڭ قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان يەنە بىر چوڭ تۈر بولسا غەربىي سىبىرىيىنىڭ تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشى بولۇپ، سېلىنىدىغان مەبلەغ سوممىسى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى. 4 — 5 يىلدىن كېيىن ئىشنى باشلايدۇ، بۇ جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي ئاسىياغا قارىتا تەسىرىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق. (03)

# جۇڭگو بىلەن روسىيە ئىقتىسادىي سودا ۋە پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتمەكچى

روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىننىڭ جۇڭگوغا قىلغان زىيارىتى ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇ قېتىمقى جۇڭگوغا قىلغان زىيارەتتە جۇڭگو-روسىيە ئىككى تەرەپ بىر قاتار چۈشىنىش باياناتنامىلىرىنى ئىمزالىدى. ئۇ جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ تەبىئىي گازنى ئاققۇزىدىغان تۇرۇبا يولىنى ياتقۇزۇش ۋە قېتىشقان نېفىتلىكنى ئېچىش تۈرلىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا مۇناسىۋەتلىك چۈشىنىش باياناتنامىسىنى، ھەمدە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك چۈشىنىش باياناتنامىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جۇڭگو-روسىيە ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى 1997-يىلى 11-ئاينىڭ 11-كۈنى قوشما باياناتقا ئىمزا قويدى.

ئىككى تەرەپنىڭ قارىشىچە، باراۋەرلىكتە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئىمپورت--ئېكسپورت بالانسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، ئىككى دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە:

1. تەبىئىي گاز، نېفىت، يادرو ئېنېرگىيىسى، ئېنېرگىيە مەنبەسى ئەسۋاب--ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېڭىلاش ساھەلىرىدىكى چوڭ تىپتىكى ھەمكارلىق تۈرلىرى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، ماشىنا ياساش، ئالەم بوشلۇقىدىن تىنچلىق بىلەن پايدىلىنىش، خىمىيە، مېتاللورگىيە، ئورمانچىلىق سانائىتى، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقلىرىنى قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، يېنىك توقۇلما، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئېلېكترون سانائىتى، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئەسۋاب--ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق.

2. بانكا، سۇغۇرتا، ھەكەملەر سوتى ساھەلىرىدىكى ھەمكارلىق؛ ئۆزئارا تەمىنلىگەن تاۋارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇنىي ئىگە ھەم تەبىئىي شەخسلىرىنىڭ باشقا قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئۈنۈملۈك قوغداش؛ جۇڭگو-روسىيە ئىككى دۆلەت بازارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ قاتلاملىق، ئىشەنچلىك ئۇچۇر سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئاھالىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى چىقىرىشنى مۇۋاپىق تەڭشەيدىغان تەدبىرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي سودا ساھەلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان باشقا مېخانىزملارنى بەرپا قىلىش.

3. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاساسىي تەتقىقات ساھەلىرىدە قوللىنىشتىن ئىبارەت پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

4. ترانسپورت ۋە ئالاقە ساھەلىرىدىكى

# جۇڭگو، ھىندىستان ۋە پاكىستاننىڭ يېمەكلىك ياغ ئىمپورت مىقدارى ئېشىپ بارماقتا

مۆلچەرلىنىشچە، 1997-، 1998-يىللىرى (9-، 10-ئاي) جۇڭگو، ھىندىستان ۋە پاكىستاننىڭ ئۆسۈملۈك يېغى ھەم ھايۋانات يېغى ساپ ئىمپورت مىقدارى 1996-، 1997-يىلدىكى 6 مىليون 530 مىڭ توننىدىن 7 مىليون 450 مىڭ توننىغا ئاشىدىكەن. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئاسىيادىكى ئاساسلىق يېمەكلىك ياغ كەمچىل دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى ۋە كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارماقتا.

بۇ ئۈچ دۆلەت ئىمپورت قىلغان پۇرچاق يېغى ۋە قىچا يېغىنىڭ ئىمپورت مىقدارى 300 مىڭ توننا ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پۇرچاق يېغىنىڭ ئىمپورت مىقدارى ئىككى مىليون 190 مىڭ توننىغا، قىچا يېغىنىڭ مىقدارى 470 مىڭ توننىغا يېتىپ بارىدۇ. 1998-يىلى پالما يېغىنىڭ ئىمپورت مىقدارى 200 مىڭ توننا ئېشىپ، 4 مىليون 70 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ ئىمپورت مىقدارىنىڭ ئېشىشى ئەڭ كۆپ. كېيىنكى بىر يىلدا جۇڭگونىڭ ياغ ۋە ماي ساپ ئېكسپورت مىقدارى تۆت مىليون 440 مىڭ توننا قىلىپ مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، 1996-، 1997-يىللىرى ئۈچ مىليون 570 مىڭ توننا ئىدى. بۇندىن باشقا جۇڭگو ئامېرىكىدىن سېرىق پۇرچاق، باشقا دۆلەتلەردىن قىچا سېتىۋېلىپ دۆلەت ئىچىدە ياغ تارتىش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى.

1997-، 1998-يىللىرى ھىندىستاننىڭ ئىمپورت مىقدارىنى بىر مىليون 580 مىڭ توننا ئەتراپىدا نىسپىي مۇقىم ھالەتتە ساقلاش ئىقتىدارى بار بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى بىر مىليون 530 مىڭ توننىلىق سەۋىيىگە يېقىن كېلىدۇ. ھىندىستان يەنە ئامباردا ساقلىنىش مىقدارى يۇقىرى بولۇش ھەمدە ياغلىق زىرائەتلەرنى تېرىش رايونىنىڭ ھاۋا كېلىماتى ياخشى بولۇش سەۋەبىدىن ياغلىق زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى كۆتىرىلىش ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ، ئەمما يەنىلا يېمەكلىك ياغنى ئىمپورت قىلىشقا ئېھتىياجلىق.

1997-، 1998-يىللىرى پاكىستاندا گەرچە چىگىت ۋە چىگىت يېغىدىن مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قارىغاندا يەنىلا بىر مىليون 430 مىڭ توننا يېمەكلىك ياغ ئىمپورت قىلىشى مۇمكىن. (03)

ئىككى تەرەپلىك، رايون خاراكتېرلىق ۋە يەر شارى خاراكتېرلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان چوڭ تىپتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىق تۈرلىرى.

5. ئۆزئارا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرۇش، ھەر قايسى ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قائىدە-تۈزۈملىرىگە ئاساسەن ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى ۋە چېگرا ئۆزئارا سودا رايونىنى قۇرۇش. (03)

# روسىيىگە بارغۇچىلارنىڭ چەت ئەل پۇلىنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ساياھەتكە بارغان ياكى دۆلەتكە قايتماقچى بولغان ھەر بىر ئادەم چېگرىدىن ئۆتكەندە تاموژنىغا مەلۇم قىلىش جەدۋىلىنى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ زۆرۈر بولغان رەسمىيەتنى ئۆتەيدۇ. روسىيىنىڭ تاموژنىغا مەلۇم قىلىش جەدۋىلىدە مۇندا بىر تۈر بار، يەنى ئېلىپ ماڭغان روسىيە رۇبلىسى، زايوم، لاتارىيە بېلىتى، باشقا چەت ئەل پۇلى، قەرز تۆلەش ھۆججىتى، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە بېلىتى قاتارلىقلارنى تولدۇرۇش كېرەك. بۇ يەردە نېمىنى مەلۇم قىلىش، نېمىنى مەلۇم قىلماسلىق دېگەن مەسىلە تۇغۇلىدۇ.

**چەت ئەل پۇلىنى چېگرىدىن ئېلىپ كىرىش:** روسىيىگە ئېلىپ كىرىدىغان چەت ئەل پۇلىنىڭ مىقدارى چەكلەنمەيدۇ. چېگرى- دىن ئۆتكەندە ئەگەر يېنىدا مەلۇم مىقداردا چەت ئەل پۇلى بولسا، تاموژنا خادىملىرىدىن چەت ئەل پۇلىنى چېگرىدىن ئېلىپ كىرىش ھۆججىتىنى ئېلىش كېرەك. ئەگەر چەت ئەل پۇلىنىڭ مىقدارى 500 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتمىسە تاموژنا سىزگە دەرھال مۇناسىپ ئەسكەرتىش بولغان چېگرىدىن كىرىشنى ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلىنى بېرىدۇ، ئەگەر 500 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتسە، لېكىن 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتمىسە مەلۇم قىلىش جەدۋىلىدە تاموژنىنىڭ ئەسكەرتىشى بولۇشتىن سىرت، يەنە تاموژنا باشلىقىنىڭ ئىمزاسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتسە يۇقىرىقىلاردىن باشقا TC-28 چەت ئەل پۇلىنى ئېلىپ يۈرۈش ئىسپاتى بولۇشى كېرەك. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تاموژنا ئىسپاتى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بېرىلىدۇ.

**چەت ئەل پۇلىنى چېگرىدىن ئېلىپ چىقىش:** ئېلىپ ماڭغان پۇلى 500 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاز ياكى قىممىتى 500 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاز بولغان باشقا چەت ئەل پۇلىنى چېگرىدىن چىققاندا تاموژنىغا مەلۇم قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر سىز تېخىمۇ كۆپ مىقداردىكى چەت ئەل پۇلىنى چېگرىدىن ئېلىپ چىقماقچى بولسىڭىز تاموژنىغا مەلۇم قىلىش جەدۋىلىنى تولدۇرىشىڭىز كېرەك، بۇ ۋاقىتتا سىز تاموژنا خادىمىغا بانكىنىڭ نەق پۇلنى چېگرىدىن ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى ياكى چېگرىدىن كىرىشنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلىنى ۋە ياكى سىزنىڭ ئىلگىرى چېگرىدىن كىرگەندە ئېلىپ كىرگەن پۇل توغرىسىدىكى تاموژنا ئىسپاتىنى كۆرسىتىشى- ڭىز كېرەك. ئەگەر مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن تاموژنا خادىمى سىزنىڭ چەت ئەل پۇلىنى چېگرىدىن ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى ئىناۋەتسىز دەپ قارىسا بۇ ۋاقىتتا قىيىنچىلىقتىن ۋاقىتنچە قۇتۇلۇشنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئامالى بار: بىرى چېگرىدىن ئېلىپ چىقماقچى بولغان پۇلنىڭ 500 ئامېرىكا دوللا- رىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ئۇزاتقۇچىلارغا تاپشۇرۇش، يەنە بىرى تاموژنىنىڭ مالىيە تارماقلىرىغا ساقلاپ بېرىشكە تاپشۇرۇش (ئىككى ئاي ئىچىدە)، ئىككىنچى تۈرلۈك ئۇسۇلنى قوللانغاندا پۇلنى مۈلۈك ئىگىسى ئۆزى ئالسىمۇ، باشقىلارغا ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ.

ساياھەت چېكى، ئىناۋەتلىك كارتوچكا ۋە ھەر قانداق قىممەتكە ئىگە ئاكسىيەلەرنى چېگرىدىن ئېلىپ چىققاندا ياكى چېگرىدىن ئېلىپ كىرگەندە تاموژنىغا مەلۇم قىلمىسىمۇ بولىدۇ. روسىيە رۇبلىسىنى چېگرىدىن ئېلىپ چىققاندا روسىيىدىكى ئەڭ تۆۋەن مائاش سوممىسىنىڭ 500 ھەسسىگە توغرا كېلىدىغان رۇبلىنى ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى «سىبىرىيە» ساياھەت ئىدارىسى تەمىنلىگەن. بىراق شۇلارنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي: بىرىنچىدىن روسىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تاموژنىلار بىلەن تاموژنا خادىملىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشىدا پەرق بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋارىچىلىققا يولۇقۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چېگرىدىن كىرىپ-چىققاندا خەلق پۇلىنى (جۇڭگو پۇلى) مەلۇم قىلىش، چۈنكى گەرچە مەلۇم قىلىش جەدۋىلىدە خەلق پۇلى توغرىسىدا ئەسكەرتىش بولمىسىمۇ بىراق خەلق پۇلى روسىيىدە يەنىلا چەتئەل پۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن چېگرىدىن كىرىشنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەڭ. گەرچە جەدۋەلگە ھېچنېمىنى تولدۇرمىغان بولسىڭىزمۇ چېگرىدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا بۇ جەدۋەل بولمىسا ئايرىم ئۆيدە يېنىڭىزنى ئاقتۇرۇشتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، بۇ خىل ئەھۋاللار ساياھەتچىلەر روسىيە چېگرىسىدىن چىققاندا دائىم ئۇچرايدۇ.

ئەكرەم ئابلا (ت)

※ ※ ※

## روسىيە بىلەن جۇڭگودا سودا سوممىسى ئاشىدۇ

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى بورىس. نېمتسوف مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا 2000-يىلىغا بارغاندا جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ سودا سوممىسىنى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈش تامامەن ئىشقا ئاشىدۇ دېدى. ئۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىمنى تەييارلاش ئۈچۈن جۇڭگونى زىيارەت قىلغانىدى.

نېمتسوف يەنە: «جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ھازىرقى سودا سوممىسى ئاران يەتتە مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلىشىدۇ، ئىككى چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ خىل تۆۋەن سەۋىيىلىك سودا كىشىنى چۆچۈتىدۇ» دېدى.

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭى ب. يېلتسىن ئوتتۇرىغا قويغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلى نېمتسوفنىڭ سۆزىگە ئاساسەن: «بارلىق توسالغۇلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى تەرتىپكە سېلىش» ،نېمتسوف يەنە، ئىككى تەرەپنىڭ سودىدىكى توسالغۇلارنى ئازايتىشتا زۆرۈر بولغان كېلىشىملەرنى تۈزۈشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

نېمتسوفنىڭ نۇقتىنەزىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو بىلەن روسىيە سودا جەھەتتە ئالدى بىلەن ئېنېرگىيە جەھەتتىكى سودىنى زور كۆلەمدە ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. سودا سوممىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت يەنە چېگرا سودىسىنى كېڭەيتىشى ۋە شېرىكلىشىپ سودا رايونى قۇرۇشى لازىم.

# قازاقىستاننىڭ 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى دۆلەت خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

قازاقىستان مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، قازاقىستاننىڭ 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى دۆلەت خامچوتىنىڭ باج كىرىمى ئىچكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 5.9% نى ئىگىلىگەن، ئەكسىچە 1996-يىلى ئوخشاش مەزگىلدە ئىچكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 5.4% نى ئىگىلىگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىرىم ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 62% تىن 70.6% كە ئۆرلىگەن. بۇ مەزگىلدە نەق پۇل كىرىم پىلانى 75% ئورۇنلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇلما قىممەت بېجى 63.8%، ئىستېمال بېجى 59.3%، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى 76%، تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى 116.7% ئورۇنلاندى.

1997-يىلى 1 — 6-ئايغىچە دۆلەت خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا پىلاننىڭ تەخمىنەن 90% ى ئورۇنلىنىپ بولدى، چىقىم ئىچكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 8.3% نى ئىگىلىدى. بۇ مەزگىلدە خامچوت قىزىل رەقىمى ئىچكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 0.6% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ قىزىل رەقەم ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل ئاساسلىق ئىچكى قىسمىدىكى مەنبەگە تايىنىپ تولۇقلاپ بېرىلدى.

نۆۋەتتە، دۆلەت خامچوت نەق پۇلىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ھەر خىل كىرىمنىڭ ھەممىسى بولۇپ 61 مىليارد 285 مىليون تەڭگە، بۇنىڭ ئىچىدە باج كىرىمى 43 مىليارد 297 مىليون تەڭگە، باج كىرىمى قانۇنىي ئىگە تاپاۋەت بېجى، تەبىئىي شەخس تاپاۋەت بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا توققۇز مىليارد 88 مىليون، ئۈچ مىليارد 622 مىليون، 20 مىليارد 930 مىليون ۋە ئىككى مىليارد 453 مىليون تەڭگىدۇر. كاپىتال كەسپى كىرىمى ئومۇمىي يىغىندىسى 16 مىليارد 287 مىليون تەڭگە بولۇپ، غەيرىي باج كىرىمى بىر مىليارد 702 مىليون تەڭگە.

چىقىم ئومۇمىي سوممىسى 60 مىليارد 479 مىليون تەڭگە بولۇپ، دۆلەت ئۇنىۋېرسال جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى سەككىز مىليارد 13 مىليون تەڭگە، دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى بەش مىليارد 116 مىليون تەڭگە، ئاممىۋى تەرتىپ ۋە بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى يەتتە مىليارد 931 مىليون تەڭگە، مائارىپقا ئىشلىتىلگىنى ئىككى مىليارد 419 مىليون تەڭگە، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا ئىشلىتىلگىنى ئۈچ مىليارد 337 مىليون تەڭگە، مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ساناتورىيىدە داۋالىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى تەشكىللىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى ئىككى مىليارد 970 مىليون تەڭگە، يېقىلغۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى كومپلېكسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 452 مىليون تەڭگە، دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق

# قازاقىستاندىكى چوڭ تىپتىكى نېفىت كارخانىلىرى مەبلەغ سېلىنىشقا مۇھتاج

1997-يىلى باش يازدا يىغىدىن قورۇلغان سىتراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ژ.راگىيانوۋ مانگىستاۋ ئوبلاستىدىكى تەبىئىي گاز ئېچىش پاي شىركىتىنىڭ كالاموس كاس نېفىتلىكى ۋە كالرانباس شىرىكلەشكەن نېفىت شىركىتىنىڭ كالرانباس نېفىتلىكىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى كارخانىنىڭ مەبلەغ جەلپ قىلىپ زامانىۋى ئەسۋاب ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. كونىراپ ۋاقتى ئۆتكەن ئېخىنىلىق ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر بىلەن نېفىت قۇدۇقىدىن نېفىت چىقىش ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە نېفىت قېزىش مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ، قەرز تۆلەش ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىدۇ، مالغا مال ئالماشتۇرۇش نېفىت ئېچىش كارخانىلىرىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

مانچىستاۋ نېفىت-تەبىئىي گاز پاي شىركىتى 1996-يىلى تۆت مىليون 500 مىڭ توننا نېفىت چىقىرىپ، يەتتە مىليارد تەڭگە ساپ پايدىغا ئېرىشتى، گەرچە قەرز پۇلنى يىغىۋالالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭۈلنى خوش قىلىپ يۈردى. يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ئىككى مىليارد 500 مىليون تەڭگە قەرزنى ئارقىغا سۈرەپ تاپشۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن نېفىت يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تەمىنلەپ بېرىلدى. باۋلودار نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىمۇ تۆت مىليارد تەڭگە نەتراپىدا قەرزنى ئارقىغا سۈرەپ تاپشۇرمىدى، مەزكۇر شىركەتنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇئاش ئالمىغىنىغا يېرىم يىل بولۇپ قالغانىدى.

ژ.زاگىيانوۋ ھەر قايسى كارخانا رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، نېفىتتىن ئىبارەت بۇ سىتراتېگىيىلىك تۈردە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاشقى مەبلەغ جەلپ قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. چەت ئەل كاپىتالىنىڭ نېفىتنىڭ قېزىلىش مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە يېڭى ئىشقا ئورۇنلىتىش پۇرسىتىنى يارىتىشقا ياردىمى بار، بۇندىن باشقا يەنە مائاش تارقىتىش ۋە باج تاپشۇرۇش خىزمىتىنى مۇنتىزىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. (03)

-o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o--o-

ۋە تەبىئىي قوغداشقا ئىشلىتىلگىنى ئىككى مىليارد 554 مىليون تەڭگە، كان ۋە مىنېراللارنى (يېقىلغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) قېزىش، پىششىقلاپ ئىشلەش شۇنداقلا قۇرۇلۇش كەسپلىرىگە ئىشلىتىلگىنى 529 مىليون تەڭگە، ترانسپورت ۋە پوچتا-تېلېگرافقا ئىشلىتىلگىنى 230 مىليون تەڭگە، باشقا ئىقتىساد بىلەن مۇناسىۋەتلىك جامائەت ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى ئىككى مىليارد 925 مىليون تەڭگە. بۇ تۈرگە كىرگۈزۈلمىگەن باشقا چىقىملار سەككىز مىليارد 361 مىليون تەڭگە، خامچوت قىزىل رەقىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى تۆت مىليارد 579 مىليون تەڭگە. (03)

# روسسىيىنىڭ 1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى تاشقى سودا ئەھۋالى

روسسىيىنىڭ تاشقى ئىقتىساد پائالىيىتى روسسىيە ئىقتىسادىدىكى داۋاملىق راۋاجلىنىۋاتقان ئاز ساندىكى ساھەلەرنىڭ بىرى. لېكىن 1996-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاشقا باشلىغاندىن بۇيان، داۋاملىق تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. 1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا روسسىيىنىڭ تاشقى سودا سوممىسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى. (1-جەدۋەل)

م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودا سوممىسىنىڭ جىددىي ئازايغانلىقى روسسىيىنىڭ تاشقى سودا سوممىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب. بۇ م د ب دۆلەتلىرىنىڭ روسسىيىدىن ئالغان قەرزىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى روسسىيە زاۋۇتلىرىنى ئۇلارغا مال تەمىنلەش قىزغىنلىقىدىن مەھرۇم قىلدى. روسسىيە ۋە باشقا م د ب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بۇ زاۋۇتلارنى ئاۋۋال باشقا ئەللەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا، م د ب دائىرىسى ئىچىدىكى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، روسسىيىنىڭ غەيرىي م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودا سوممىسى 1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنىلا 0.2% تۆۋەنلىدى.

1997-يىلى 1-ئايدىن 6-ئايغىچە روسسىيىنىڭ سودا ئاكتىپ بالانسى 17 مىليون 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇ، م د ب دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلىشنىڭ ئازايتىلغانلىقىنى سەۋەب قىلىدۇ.

روسسىيىنىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكلىرى ئىچىدە گېرمانىيە 1-ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ روسسىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسى روسسىيە تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 9.5% (1996-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 8.8% ئىدى)نى ئىگىلەيدۇ. ئۇكرائىنا 2-ئورۇندا بولۇپ، 9.3% نى (13.2% ئىدى)نى ئىگىلەيدۇ. بېلورۇسسىيىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى سەل-پەل زورىيىپ 6.2% كە يېتىپ (1996-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 5.0% نى ئىگىلىگەنىدى)، 3-ئورۇنغا ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەت بويىچە ئامېرىكا 5.5% (5.9% ئىدى)نى، ئىتالىيە 4.5% (4.1% ئىدى)نى، گوللاندىيە 4.2% (3.2% ئىدى)نى، قازاقىستان 4.0% (4.5% ئىدى)نى، فىنلاندىيە 3.6% (3.0% ئىدى)نى، جۇڭگو 3.3% (4.7% ئىدى)نى ئىگىلەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، يېقىنقى بىر قانچە يىلدا روسسىيىنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت قۇرۇلمىسىدا ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى. 1997-يىلى روسسىيە ئېكسپورت قىلغان تاۋارلار ئاساسلىقى يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە (51.4%)، قارا مېتال ۋە رەڭلىك مېتال (17.4%)، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر (8.8%) دىن ئىبارەت بولدى. ئاساسلىقى ماشىنا ۋە ئۈسكۈنىلەر (32%)، يېمەكلىك ھەم يېمەكلىك خام ئەشيالىرىنى ئىمپورت قىلدى.

غەيرىي م د ب دۆلەتلىرىگە قاراتقان

ئېكسپورت سودىسىدا نېفت ۋە تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش %8 ۋە %23.3 ئاشتى. قارا مېتال ۋە رەڭلىك مېتاللار %5 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە چويۇن مەھسۇلاتلىرى، تۆمۈردىن ياسالغان يېرىم تەييار بۇيۇملار ۋە قېتىشمىسىز پولات ئايرىم-ئايرىم ھالدا %17، %10 ۋە %10 ئازايدى. ئېكسپورت سوممىسى ئازايغانلاردىن يەنە كان مەھسۇلاتلىرى ئوغۇت ماتېرىيالى (%9)، بىرىكمە كاۋچۇك (%32)، ئاق ھاراق (%55)، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر (%11)، كۆپەيگەنلىرىدىن تۆمۈر قېتىشمىسى (%13)، پىششىقلانمىغان مېتاللار (%9)، نىكېل (%43)، پىششىقلانمىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى (%17)، ئامىمىياك (%15)، ياغاچ ئىسپىرتى (%100) بار.

غەيرىي م د ب دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئىچىدە سوممىسى ئاشقانلىرىدىن گۆش (%24)، قۇش (%23)، سۈت (1.5 ھەسسە)، قايماق (2 ھەسسە)، ئارپا (1.3 ھەسسە)، قوناق (%40)، گازىر مېيى (%13)، سىگارت (%80)، كىچىك ئاپتوموبىل (1.8 ھەسسە)، تېببىي دورىلار (%27)، سوممىسى ئازلىغانلىرىدىن، بۇغداي (%75)، قەھۋە (%13)، گۆش كونسېرۋاسى (%50)، شېكەر (%36)، شاكىلات بۇيۇملىرى (%41)، پولات تۇرۇبا (%40)، ئاياغ (%52) بار.

روسىيىنىڭ م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودىدىكى ئاكتىپ بالانسى بىر مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشتى.

1-جەدۋەل: روسىيىنىڭ 1996-يىل ۋە 1997-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى تاشقى سودىسىدىن ستاتىستىكا

| | بارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان | | غەيرىي م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان | | م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1996-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا | 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا | 1996-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا | 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا | 1996-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا | 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا |
| سودا ئومۇمىي سوممىسى | 6335.2 | 61261.3 | 47534.2 | 47459.6 | 16001.0 | 13801.7 |
| ئېكسپورت سوممىسى | 40165.0 | 39440.0 | 31929.8 | 31660.9 | 8235.2 | 779.1 |
| ئىمپورت سوممىسى | 23370.2 | 21821.3 | 15604.4 | 15798.7 | 7765.8 | 6022.6 |
| بالانس | 16794.8 | 17618.7 | 16325.4 | 15862.2 | 469.4 | 1756.5 |

2-جەدۋەل: روسىيە فېدېراتسىيىنىڭ غەيرىي م ب د دۆلەتلىرىگە قاراتقان ئېكسپورت قۇرۇلمىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى)

| مەھسۇلات نامى | 95-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا | 96-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا | 97-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 30739.0 | 3129.8 | 31660.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك خام ئەشيالىرى | 427.0 | 479.0 | 366.0 |
| يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى | 12252.0 | 14461.0 | 16183.0 |
| خىمىيە سانائىتى ۋە نېفت خىمىيە مەھسۇلاتلىرى | 3076.0 | 2762.0 | 2446.0 |
| ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار | 1914.0 | 1333.0 | 1360.0 |
| توقۇلما مەھسۇلاتلىرى، ئاياغ | 414.0 | 320.0 | 291.0 |
| ياقۇت، قىممەتلىك مېتاللار ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار | 2643.0 | 1667.0 | 532.0 |
| قارا مېتال، رەڭلىك مېتال ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار | 6732.0 | 7546.0 | 7511.0 |
| ماشىناسازلىق، ياساش مەھسۇلاتلىرى | 2412.0 | 2492.0 | 2167.0 |
| باشقىلار | 869.0 | 869.0 | 804.9 |

بالغۇز ئۇكرائىنا بىلەن بولغان سودا ئاكتىپ بالانسىلا بىر مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، قازاقىستان، مولداۋىيە، تۈركمەنىستان، گرۇزىيە، ئەرمېنىيە بىلەن بولغان سودىسىدا پاسسىپ بالانس كۆرۈلدى.

م د ب دۆلەتلىرىگە ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلار ئىچىدە سوممىسى ئازايغانلىرىدىن پېسسلانغان مېتاللار، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، نېفت خىمىيە مەھسۇلاتلىرى، نېفت، قارا مېتاللار، قاتناش قوراللىرى، قارا مېتاللاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ۋە تېخنىكا سايمانلىرى بار.

م د ب دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك خام ئەشيالىرى، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ، پېسسلانغان مېتاللار، ئېنېرگىيە، خىمىيە سانائىتى ۋە نېفت خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ نىسبىتى 1996-يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكى سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى. يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك خام ئەشياسى ئىمپورت سوممىسى يېرىم ھەسسە ئازايدى. قارا مېتاللار ۋە رەڭلىك مېتاللار، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشمۇ 1/3 ھەسسە تۆۋەنلىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدا روسىيىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ سوممىسى ئاران ئىككى مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 96-يىلقى ئوخشاش مەزگىلدىكىنىڭ ئاران 55.6% گە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى بىر مىليارد 500 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى بىر مىليارد 400 مىليون دوللار بولدى. م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ سوممىسى 1996-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۈچ مىليارد 100 مىليون دوللارغا، غەيرىي م د ب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ سوممىسى بىر مىليارد 900 مىليون دوللاردىن بىر مىليارد 300 مىليون دوللارغا چۈشۈپ قالدى.

رەيھانگۈل مۇھەممەت (ت)

* * *

## قازاقىستان قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئارال دېڭىزىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشماقتا

قازاقىستان ھۆكۈمىتى قىزىل ئوردا ئوبلاستىدىكى مەمۇرىي دائىرىلەر ۋە شۇ يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز كۈچى بىلەن قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئارال دېڭىزىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىشنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

قازاقىستان ھۆكۈمىتى سىر دەرياسىنىڭ توسمىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە دەريا قىنىنى تۈزلەش ئۈچۈن ھۆكۈمەت پۇلىدىن سەككىز مىليون تەڭگە (75.5 تەڭگە 1 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ) پۇلنى ئاجراتتى. شۇنداقلا يىل ئاخىرىغىچە ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى روشەن ئاشۇرۇشتەك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ يەرلىك ئاھالىلەر بۇ قۇرۇلۇشقا بەش مىليون تەڭگە مەبلەغ سالغان بولۇپ، 1996-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشكەنىدى، ھازىرغىچە ئارال دېڭىزى سۇ يۈزىنىڭ كۆلىمى 500 كۋادرات كىلومېتىر كېڭەيتىلدى. (01)

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈر يول يېلان لايىھىسى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى

ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈر يول ترانسپورتى ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئارا ھەمكارلىقنىڭ ئاساسلىق تۈرتكىلىك ئامىلى بولۇپ قالدى. مالايشىيا قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى «شەرق-غەرب» تۆمۈر يول قاتناش لايىھىسىنىڭ مەسئۇلى يېقىندا سىبىرىيە چوڭ تۆمۈر يولىنى پۈتۈن ئاسىيا تۆمۈر يول سىستېمىسىغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىدا جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان يېڭى يىپەك يولى (جۇڭگو — قازاقىستان — ئۆزبېكىستان — تۈركمەنىستان — ئىران) بىلەن ياندىش بولغان تۆمۈر يول لىنىيىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. «يېڭى يىپەك يولى» بولسا «شەرق-غەرب» تۆمۈر يول قاتناش لايىھىسىدىكى جۇڭگو چوڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئاساسلىق بۆلىكى بولۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى دېڭىزدەك كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ 1995 - يىلدىن باشلاپ رەسمىي يۈرۈش ۋە تىجارەت قىلىشقا باشلىغان چوڭ ئارتېرىيە سىبىرىيە چوڭ تۆمۈر يولىغا قارىغاندا ئۆچتىن بىر قىسمىغا يېقىن مۇساپىنى قىسقارتىپ، ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى (دوناي دەرياسى — بالقان رايونى) ۋە ئىراق شەرقتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇردى. بۇ تۆمۈر يولنىڭ كىرا ھەققى سىبىرىيە چوڭ تۆمۈر يولى ۋە ئۇنىڭ روسىيە تەۋەلىكىدىكى تارماق لىنىيىسىنىڭ كىرا ھەققىدىن تۆۋەن.

ھازىر قۇرۇلۇۋاتقان بىر خوشنا لىنىيە قەشقەر (جۇڭگو) — ئېركېشتان — ئوش (قىرغىزىستان)نى تۇتاشتۇرىدۇ. بۇ تۆمۈر يولنىڭ پۈتۈن ئۇزۇنلۇقى 600 كىلومېتىر بولۇپ 70% مەبلەغنى جۇڭگو چىقارغان. جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئالدىن ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ تۆمۈر يول تىجارىتىنى باشلىغاندىن كېيىنكى 2 ~ 3 يىلى ئىچىدە، ئۇنىڭ توشۇش مىقدارى تېز سۈرئەتتە يۇقىرىلايدىكەن.

بىپايان ياۋروپا — ئاسىيا تۆمۈر يولىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تاشقى سودا ترانسپورتىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا ئىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نۆۋەتتە، سىبىرىيە چوڭ تۆمۈر يولى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان موڭغۇلىيە ۋە چاۋشيەن تەۋەلىكىگە جايلاشقان تۆمۈر يول لىنىيىسى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مال توشۇش مىقدارى جۇڭگو ئىمپورت-ئېكسپورت ماللىرىنى تۆمۈر يول ئارقىلىق توشۇش مىقدارىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى چېگرا ھالقىغان تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ نىسبىتىنى 70% كە يەتتى.

جۇڭگو يېلان تارماقلىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تۆمۈر يول لىنىيىلىرى تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قاتناش كىرىمى

ئاشىدىكەن، لېكىن ئەڭ مۇھىمى شۇكى، تۆمۈر يول بويىدىكى دۆلەتلەر ئىلگىرى ماگىسىا بولمايدۇ دەپ قارالغان تۆمۈر يول لىنىيىلىرىدە قايتا ماگىسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل باھا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكى- لاتى ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۆلچەرى بىلەن بىردەك چىقتى. ئۇش — ئېركېشتان — قەشقەر تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلانغان- دىن كېيىنكى 4 يىل ئىچىدە روسىيە تۆمۈر يولى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سودا ترانسپور- تىدا ئىگىلىگەن نىسبەت ھازىرقى %60 تىن 35 — %40 كە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ تاشقى سودا ترانسپورتىدا سىبىرىيە تۆمۈر يولى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاشقان تارماق لىنىيىنىڭ بالقان ئارىلى، كاسپىي دېڭىزى ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى پورتلارغا قاتناشتى- كى يېتەكلىگۈچىلىك رولى ئاجىزلاپ، ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىيەت سىبىرىيە چوڭ تۆمۈر يولىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «شەرق-غەرب» تۆمۈر يول سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش كېرەكلىكى- نى بەلگىلىدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاسىيا ۋە تېنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ قارىشىچە، روسىيە بىلەن قازاقىستاننىڭ تۆمۈر يول ترانسپورتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەمكارلىشىشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى، سىبىرىيە چوڭ تۆمۈر يولى بىلەن ياۋروپا تۆمۈر يول تورىنى باغلاي- دىغان بىر قاتار تۆمۈر يوللارنىڭ ھەممىسى قازاقىستاننىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. قازاقىستاننىڭ «جەنۇب-شىمال» تۆمۈر يولى (سكاندى- ناۋىيە\بالتىق دېڭىزى — ۋولگا دەرياسى قىرغىقى — ئاستىراخان) نىڭ كىرىمىدىن تەڭ بەھرىمان بولۇشنى تەلەپ قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

قەشقەر — ئۇش تۆمۈر يولى 1999-يى- لى قاتناشنى باشلايدۇ. قاتناش باشلانغان- دىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا خەلقئارا مال توشۇش ئومۇمىي مىقدارى بەش مىليون توننىدىن كەم بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىبىرىيە تۆمۈر يول توشۇش ھەققى %30 — %50 كىچە تۆۋەنلەيدۇ، ياۋروپا — ئاسىيا مال توشۇش ئومۇمىي مىقدارى 2005-يىلدىن 2007-يىلغى- چە ئىككى ھەسسە ئاشىدۇ.

ئامېرىكا تۆمۈر يولنى ئىرانغىچە ياساشقا قارشى تۇرغانلىقتىن، ئۇرۇش سەۋەبىدىن تۈركىيەنى كېسىپ ئۆتىدىغان تۆمۈر يولنى ياساش توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئابخاز ۋە قاراباخنىڭ ياۋروپا — ئاسىيا تۆمۈر يولىغا ئىنتايىن يېقىن بولۇشى كاۋكاز رايونىنىڭ قاتنىشىغا سىياسىي جەھەتتىن مۇقىمسىزلىق ئېلىپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن يېڭى تۆمۈر يول لىنىيىسى پارىس قولتۇقى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە كاۋكازنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلالمىدى. سىبىرىيە چوڭ تۆمۈر يولى بولسا ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈندىن كېيىن يەنىلا ئەنئەنىۋى ستراتېگىيىلىك رولنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ئىلدان ئىسھاقوۋ (ت)

# تاشكەنتنىڭ بايلىقى — ستراتېگىيىلىك بايلىق

ئۆزبېكىستان ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمىسى «قىزىل تۆپە گېئولوگىيە ئىدارىسى» دىكى ئورغۇن كەسپىي خادىملاردىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تاشكەنتتىن جۇڭگوغا ئۇران كېنىنى تەكشۈرۈشكە كەلدى. 90-يىللىنىڭ باشلىرىدىلا ئۆزبېكىستاننىڭ گېئولوگلىرى جۇڭگودا بۇ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان ھەم جۇڭگونىڭ شەرقىي رايونىدا كان رايونىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغانىدى. 1996-يىلى - يىل ئاخىرىدا قىزىل تۆپە گېئولوگىيە ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو يادرو سانائەت باش شىركىتى تۈزگەن. يېڭى توختامغا ئاساسەن، دالا خىزمىتى مۆلچەرلىنىشچە يەنە ئۈچ ئاي داۋاملىشىدىكەن. ئىككى تەرەپ توختامنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا قارىتا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاۋاتىدۇ.

ئۆزبېكىستاننىڭ كانچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقىنىغا 45 يىل بولدى، بۇ جەرياندا 40 تىن ئوشۇق جايدا ئۇران كېنىنى قازدى. قىزىل قۇم قۇملۇقىدا مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق 27 كان مەھسۇلاتلىرى بازىسى بار. ئۇران كېنىنىڭ ئاق تاشلىق كىتابى «ماجاد» تىكى سانلىق باھالاشتىن قارىغاندا، ئۆزبېكىستاننىڭ ئۇران كېنى زاپىسى 230 مىڭ توننىغا يېتىدىكەن، يەرلىك گېئولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىدا بولسا، ئەگەر 20 يىل داۋاملىق قېزىلسا بۇ سان 55 مىڭ توننىغا ئايلىنىپ قالىدۇ دەپ قارالغان. 1997-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۆزبېكىستان ئۇران سېتىش مىقدارى جەھەتتە پۈتۈن دۇنيا بويىچە 3-ئورۇندا، مەھسۇلات مىقدارى بويىچە 5-ئورۇندا تۇرغان. 1995-، 1996-يىللىرى ئۇراننىڭ مەھسۇلات مىقدارى بىر ئاز تۆۋەنلەپ، 1994-يىلدىكى 3000 توننىدىن 1996-يىلدىكى 1700 توننىغا چۈشۈپ قالغان. بۇ يېقىندا ئۆزبېكىستان ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئۇراننى قاتتىق چەكلەنگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئامېرىكا ئۆزبېكىستاننىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇران مەھسۇلاتلىرى بازىرى.

1992-يىلدىن ئىلگىرى ئۆزبېكىستان پەقەت روسىيىنىلا ئۇران بىلەن تەمىنلىگەنىدى. 1992-يىلدىن تا ھازىرغىچە ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ «نىكەم» شىركىتى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە ئاساسەن، ئۆزبېكىستاننىڭ بارلىق ئۇران ئېكسپورت قىلىش كەسپلىرى مەزكۇر ئامېرىكا شىركىتىنى ۋاستىچى قىلىپ كەلدى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى ئۆزبېكىستاندىن ئۇران ئىمپورت قىلىش چەكلىمىسىنى كەڭ قويۇۋەتتى. ئۆزبېكىستان گېئولوگىيە تارماقلىرى سىرتقا قارىتا نورما مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە ئائىت ھېچقانداق ماتېرىيالنى ئېلان قىلمىدى، پەقەت ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن

# جۇڭگو شىركىتى قازاقىستاندا نېفىتلىك ئاچماقچى

قازاقىستان مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئېدۇئارد ئونېيوۋ جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭسەيى ۋۇباۋ-ۋېي بىلەن 1997-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنى ئالمۇتىدا ئاقتۆبە نېفىت-تەبىئىي گاز پاي شىركىتىنىڭ 60% پېيىنى سېتىۋېلىش توغرى-سىدىكى كېلىشىمنى تۈزدى. مەزكۇر كېلىشىم قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «نېفىت-تەبى-ئىي گاز كارخانىلىرىغا مەبلەغ سېلىش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن تۈزۈلگەن.

جۇڭگو شىركىتى قازاقىستان تەرەپنى ئېخمۇ پايدىلىق بولغان شەرتلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ 20 يىل ئىچىدە توختامدا بەلگىلەنگەن 3 كۈن رايونى ئۈچۈن ئەسۋاب-ئۈسكۈنە ئورنىتىپ بېرىدۇ ۋە تۆت مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالىدۇ. 1998-يىلدىن 2003-يىلغىچە 585 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالىدۇ. جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئۈچۈن سالغان مەبلىغى 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 20 يىل ئىچىدە 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالىدۇ.

بۇنىدىن باشقا، جۇڭگو تەرەپنىڭ شىركىتى يەنە غەربىي قازاقىستاندىن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3000 كىلومېتىر بولغان نېفىت ئاقتۇزۇش تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇشتا كېپىللىك قىلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇشقا 6 ~ 8 يىل ئىچىدە ئۈچ مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى خىراجەت كېتىدۇ.

ئاقتۆبە نېفىت-تەبىئىي گاز پاي شىركىتىنىڭ يېڭى خوجايىنى — جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىركىتى يەنە مەزكۇر پاي شىركىتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 71 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرزنى تۆلىگەندىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. (03)

---

مەمنۇن بولغانلىقىنىلا بىلدۈردى.

هازىر دۇنيا ئۇران بازىرى كۈندىن-كۈن-گە ياخشىلىنىقا يۈزلىنىۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۆزبېكىستاننىڭ بىردىنبىر ئۇران ئىشلەپچىقى-رىش كارخانىسى — نافوي مېتاللۇرگىيە بىرلەشمىسى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ، بۇ يىل مەھسۇلات مىقدارىنى 40% ئاشۇردى، ھەمدە قېزىش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. تەخمىنەن ھېسابلاشلارغا قارىغاندا پىلان 2030-يىلغا قەدەر داۋاملىشىپ، سېلىنىغان مەبلەغ 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. نۆۋەتتە ئۇ روسىيىنىڭ گوگگول بۇرغىلاش — قېزىش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بىلەن بەش مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى 30 يۈرۈش ئەسۋاب-ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلەش توختامىنى تۈزدى. بۇنىدىن باشقا، پىلانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش باسقۇچى-دا، روسىيە يادرو سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرۇپ، ئۇران بايلىقىنى ئورتاق ئېچىش ئويىمۇ مەۋ-جۇت. (03)

# قازاقىستان سۆرەلمىلىك بىلەن خوشلىشىپ چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ شادلىق بېغىغا ئايلاندى

قازاقىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەت جەلپ قىلغان تاشقى مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى بويىچە 2-ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت بولۇپ، چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ سالغان مەبلىغى يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان ئىككى ھەسسە ئاشتى.

1989 — 1996-يىلغىچە سېلىنغان تاشقى مەبلەغ 27 مىليون 610 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بەش يىل ئىلگىرى چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىدىن پەقەت 14ى بار بولۇپ، ھازىر 800 گە يەتتى. قازاقىستان دۆلەتلىك تاشقى مەبلەغ باشقۇرۇش كومىتېتى بىردىنبىر بىۋاسىتە تاشقى مەبلەغ باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمەت پرىنسىپى بولسا چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ مۈلكىگە دەخلى-تەرۇز قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ مەبلىغى ۋە ئۇلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان پايدا ۋە ئۆسۈمنى قوغداشتىن ئىبارەت. بۇندىن باشقا دۆلەت يەنە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بارمايدۇ، مەبلەغ تېگىشىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

خەلقئارا ئادەتلەر ۋە بىرلىككە كەلگەن ئورگاننىڭ پرىنسىپىغا ئاساسەن، قازاقىستاندا تاشقى مەبلەغ ئۈچۈن بىۋاسىتە «يېشىل يول» ئېچىپ بېرىلىدۇ. قازاقىستان دۆلەتلىك تاشقى مەبلەغ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى شۇكى، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن توختام تۈزۈش، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ دائىرىسىنىڭ بېكىتىش، پىلانىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن كېڭىشىش، زۆرۈر بولغان ئىسپاتنامە ۋە ئىجازەتنامە بىلەن تەمىنلەش، شۇنداقلا كېلىشىمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش قاتارلىقلار.

قازاقىستان دۆلەتلىك تاشقى مەبلەغ سېتىۋېلىش كومىتېتى چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنى نارازى قىلىدىغان بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى تۈگىتىپ، غەربنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆز ئوبرازىنى قازاقىستاننىڭ ھەر قايسى مىنىستىر ۋە كومىتېتلىرىنىڭ ئىسلاھات ئۆلگىسىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. قازاقىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ باشلامچىسى ۋە چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈشتىكى ئەڭ جەلپ قىلىش كۈچى زور دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە چەت ئەلنىڭ مەبلەغ سېلىش نۇقتىسى ئاساسلىقى خام ئەشيا ساھەسى يەنى ئېنېرگىيە مەنبەسى، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز سانائىتى بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە،

# «چەت ئەل سودا بانكىسى» قازاقىستاندا ۋەكالەت ئورنىنى تەسىس قىلدى

قازاقىستان ئەدلىيە مىنىستىرلىكى 1997-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنى ئالمۇتىدا روسىيە «چەت ئەل سودا بانكىسى» ۋەكالەت ئورنىنى قانۇن بويىچە رويخەتكە ئالدى، بۇنىڭدىن سەللا ئىلگىرى ئېچىلغان ۋەكالەت ئورنى قازاقىستان دۆلەت بانكىسىنىڭ ماقۇللىشىغا ئېرىشتى. ۋەكالەت ئورنىنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت بانكا ۋە خېرىدارلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

ۋەكالەت ئورنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى روسىيە بىلەن قازاقىستاننىڭ تاشقى سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ئىمپورت-ئېكسپورت كېلىشىمى بويىچە ئىككى دۆلەت كارخانىلىرى ئارىسىدا ئىسپاتقا ئاساسەن ھېسابات قىلىشنى يولغا قويۇپ، مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئارقىلىق ھېسابات قىلىش شەكلىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئوبوروت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا ۋەكالەت ئورنى يەنە «چەت ئەل سودا بانكىسى» بىلەن قازاقىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ۋەكالەتلىك قىلىش مۇلازىمىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ.

ۋەكالەت ئورنىنىڭ ئالمۇتىدا ئېچىلىشى «چەت ئەل سودا بانكىسى» نىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ۋە خوشنا دۆلەتلەردە يۈرگۈزۈلگەن بازار ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: 1996-يىلى ئۇكرائىنا ۋە بېلورۇسىيەدە ۋەكالەت ئورنى تەسىس قىلىندى، شۇ يىلى 5-ئايدا ئۇكرائىنا «ئۇكرائىنا سودا بانكىسى» نى رويخەتكە ئالدى، ئۇنىڭ مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى روسىيە تەمىنلىگەن. بۇندىن كېيىن يەنە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەردىمۇ ۋەكالەت ئورنى تەسىس قىلىش پىلانلىنىۋاتىدۇ. (03)

---

چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەبلەغ سېلىش مىقدارى 1 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بولسا ئەڭ ئاز دېگەندە بۇ ساننىڭ ئىككى ھەسسىگە مۇھتاج.

زۇڭتۇڭ نەزەربايېۋ بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئەڭ چوڭ چەك ئىچىدە ياخشى تاشقى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يارىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى،

مەبلەغ سالغۇچىلار باج، تۇپراق ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، چەت ئەل شىركەتلىرى بۇ پىلانلارنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ كىرگەن ئەسۋاب-ئۈسكۈنە، خام-ئەشيا ھەم ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمىدىن تاموژنا بېجى ئېلىنمايدۇ. (03)

# ئۆزبېكىستان ئىسلاھاتقا تايىنىپ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇردى

1991-يىلدىن 1995-يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە، ئۆزبېكىستان ئىزچىل ھالدا روسىيىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئۆزبېكىستان روسىيىدىن پەقەت ئاز مىقداردىكى نېفىت، ئاشلىق، كومباين، تراكتور قاتارلىقلارنى سېتىۋالاتتى، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئورنىنى ئاستا-ئاستا يوقاتقانىدى. ئەكسىچە باشقا دۆلەتلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزبېكىستاندىكى پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھەر قايسى ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى بولدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۆزبېكىستان ئىقتىسادىي ئىسلاھات جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى 2% ~ 4 % تىن ئېشىپ كەتمىدى، 1995-، 1996-يىللىرى سانائەتنىڭ ئاساسىي كەسىپلىرىدىن بولغان نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى قېزىش، كۆمۈرچىلىك، ماشىنا ياساش ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە تۈپتىن ئىلگىرلەش بولدى. ئۆزبېكىستان يىلىغا تۆت مىليون توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتى بولۇشتەك ئورنىنى مەھكەم ساقلاپ كەلمەكتە. مەزكۇر دۆلەت بىلەن ئامېرىكا شېرىكلىشىپ قۇرغان ئالتۇن قېزىش كارخانىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، يىللىق ئالتۇن قېزىش مىقدارى 70 تونىغا يەتتى. ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ ئالتۇن زاپىسى روسىيىنىڭكىگە يېقىنلىشىپ قالدى، بەلكىم ئېشىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەزكۇر دۆلەت ئېنېرگىيە مەنبەسى مەسىلىسىدە ئاللىقاچان مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن بولۇپ، ئاشلىقتىمۇ ئۆز ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولۇپ قالدى (1996-يىلى ئاشلىقتىن ئىككى مىليون 300 مىڭ توننا ھوسۇل ئالدى). بۇنىڭدىن باشقا ئۆزبېكىستان يەنە ئۆزلىرىنىڭ DЭу ماركىلىق كىچىك ئاپتوموبىلىنى (كورېيىنىڭ دايۇ شىركىتى بىلەن ھەمكارلاشقان)، «مېرسېدېس» ماركىلىق يولۇچىلار ئاپتوموبىلىنى ۋە سۆرەش ماشىنىسىنى (گېرمانىيىنىڭ بېنز شىركىتى بىلەن ھەمكارلاشقان)، يىئېر — 76 تىپلىق ئايروپىلاننى (روسىيەنىڭ شىركىتى بىلەن ھەمكارلاشقان) ئىشلەپچىقاردى. غەربلىكلەر بۇ «ئىقتىسادىي مۆجىزە»گە تەدرىجىي دىققەت قىلدى.

ئۆزبېكىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدا ئەتراپلىق ئويلاپ قىلىنغان پىلان ئارقىلىق يولغا قويۇلغان بولۇپ، مۇستەقىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى

قۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمى تۆۋەن ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش پىلانىنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەر خىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئۆزبېكىستان رەھبەرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆتكۈنچى دەۋر ستراتېگىيىسىنى تاللىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1995-، 1996-يىللىرى غەربىي ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزبېكىستانغا قارىتا كۈچلۈك قىزىقىشنى بىلدۈردى، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلار ئۆزبېكىستاننىڭ تەرەققىيات تەدبىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. پەقەت 1996-يىلدىلا مەزكۇر دۆلەت جەلپ قىلغان تاشقى مەبلەغ ئالتە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇ ئەڭ ياخشى ئىسپات بولالايدۇ.

روسىيە بالدۇرلا ئۆزبېكىستانغا قارىتا تاشقى سىياسەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشى كېرەك ئىدى، پرىماكوۋ روسىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن كۆپ قېتىم تاشكەنتكە زىيارەتكە بېرىپ ئۆزبېكىستان رەھبەرلىرى بىلەن قويۇق ئۇچراشتى، بۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە ياخشى تەسىر كۆرسەتتى. ئىككى دۆلەت 1996-يىلى يەنە ھۆكۈمەتلەر ئارا كومىتېتنى تەسىس قىلدى. يېقىندا ئۆزبېكىستان زۇڭلىسى زىيارەت ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋادا جاۋابەن زىيارەتتە بولدى، ئىككى تەرەپ روسىيە بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ 1998 — 2000-يىلغىچە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى، يىئىر — 114 ۋە يىئىر — T 114 تىپلىق ئايروپىلاننى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە تۈپ ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كېلىشىمى ھەمدە پۇل ۋە ئېكسپورتنى نازارەت قىلىش جەھەتتىكى ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى قاتارلىق بىر قاتار ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويدى. (03)

※ ※ ※

## قىرغىزىستاننىڭ چاتقال تاغ رايونىدا چوڭ تىپتىكى سىلىتسىي كېنى ئېچىلدى

قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى جالال-ئاباد ئوبلاستى تاغ رايونىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان سىلىتسىي كېنىنى ئېچىش باشلاندى، سىلىتسىي فارفورنى پولاتتەك قاتتىقلىققا ئىگە قىلىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيە قەغەز ياساش سانائىتىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدۇ. روسىيە — قىرغىزىستان بىرلەشمە كارخانىسى «قارا قورۇم» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ب. بايتاكوۋ يېڭى شىركەتنىڭ يېقىندا قۇرۇلۇش باشلايدىغانلىقىنى، يىلىغا 120 مىڭ توننا سىلىتسىي ئىشلەپچىقىرىپ ھەممىسىنى ئېكسپورتقا ئىشلىتىدىغانلىقىنى، سانكت-پېتېربۇرگدىن كەلگەن روسىيىلىك شېرىكلەرنىڭ كان زاپىسىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالغانلىقىنى ئېلان قىلدى. (03)

# روسىيىنىڭ ستانوك سانائىتى چېكىنىپ كەتتى

چەت ئەل گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن روسىيىنىڭ ستانوك ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى داۋاملىق چېكىنىش ھالىتىدە بولۇپ كەلدى. بەش يىلنىڭ ئالدىدا روسىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە بىلەن بىرلىكتە دۇنيادىكى بەش چوڭ ستانوك ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. 1994-يىلى بولسا 17-ئورۇنغا، 1995-يىلى 20-ئورۇنغا، 1996-يىلى بولسا 23-ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

بىر دۆلەتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىستېمال باھاسى شۇ دۆلەتنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 1996-يىلى روسىيىنىڭ دۇنيا بويىچە 32-ئورۇندا تۇرۇپ، شىۋېتسارىيىنىڭ 1/45 ىگە، ياپونىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ 1/14 گە توغرا كەلدى.

نۆۋەتتە، روسىيىنىڭ ستانوك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ئېھتىياجنىڭ تەسىرىدە ئۆزگەردى. ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئازىيىپ كەتتى، تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى 1990-يىلدىكى 28 مىڭدىن ئازىيىپ 1996-يىلدىكى 5400 گە چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 50 ياشتىن ئاشىدۇ. خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنىڭ بولماسلىقى، مائاشنىڭ تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلىدىن ياش تېخنىك خادىملار ئازىيىپ كەتتى. مەزكۇر تارماقتىكى خادىملارنىڭ سانى بەش يىل ئىچىدە يېرىمى ئازلاپ كەتتى.

1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، روسىيىنىڭ ستانوك مەھسۇلاتى يەنە ئازلاپ كەتتى. ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا، مېتال كېسىش ستانوكىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 28%، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ستانوكىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 12% ئازىيىپ كەتتى، بازغانلاش ستانوكىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئايلاردا مەلۇم دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، بىراق بەشىنچى، ئالتىنچى ئايلاردا يەنە تۆۋەنلەپ كەتتى.

روسىيىنىڭ ھەر قايسى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشتا مەبلىغى كەمچىل بولغانلىقتىن، ستانوكىنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرىدىكى ئېھتىياجى جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى. نۆۋەتتە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنىلا پۇل تۆلەش مەسىلىسى مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ستانوكىنىڭ سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت تورى مۇكەممەل ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىدىغان ستانوكى ئازىيىپ كەتتى.

دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە ئېكسپورتنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدەك ئەھۋال ئاستىدا، روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر

# ئۇكرائىنا «تەبىئىي گاز سانائىتى» شىركىتى تۈركمەنىستان بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلدى

ئۇكرائىنا «تەبىئىي گاز سانائىتى» شىركىتىنىڭ باشلىقى د.ۋيالىلېۋ تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى س.نىيازوۋنىڭ 97-يىلنىڭ باشلىرىدىلا «تۈركمەنىستان تەبىئىي گاز تەرەققىيات» پاي شىركىتىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇكرائىنا «تەبىئىي گاز سانائەت» شىركىتىنىڭ مەزكۇر شىركەتتە پەقەت 45% پايىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، شۇ سەۋەبلىك «تۈركمەنىستان تەبىئىي گاز تەرەققىيات» پاي شىركىتىنىڭ ئۇكرائىنانى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مونوپولىيە ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ: «بىز ئۇكرائىنانى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىدە تۈركمەنىستان بىلەن ھەمكارلاشمايمىز» دېدى، ئۇ يەنە: «ئۇكرائىنا < تەبىئىي گاز سانائىتى > شىركىتىنىڭ ئۇكرائىنانىڭ تەبىئىي گاز مەسىلىسىنى ئۆزى قىلىش ئىقتىدارى بار» دېدى.

ئۇكرائىنا بىلەن تۈركمەنىستاننىڭ ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىمگە ئاساسەن ئۇكرائىنا 97-يىلى تۈركمەنىستاندىن 11 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاز بولمىغان تەبىئىي گازغا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى، لېكىن 97-يىلى 3-ئايدىلا زۇڭتۇڭ نىيازوۋ ئۇكرائىناغا تەبىئىي گاز چىقىرىشنى توختىتىشنى قارار قىلغاندا بولسا كىيېۋ ئاشخابادتىن 32 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گازغا ئېرىشەلىدى. بۇندىن كېيىن ئۇكرائىنا «تەبىئىي گاز سانائىتى» پاي شىركىتى ئۇكرائىنانىڭ تەبىئىي گازغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. بۇندىن تاشقىرى، ۋيالىلېۋ يەنە: «ئاغزاكى كېلىشىمگە ئاساسەن يەنە ئەرمېنىيەنىمۇ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش كېرەك ئىدى، لېكىن تا ھازىرغا قەدەر تۈركمەنىستان ئەرمېنىيەنى ئىزچىل ھالدا ھەر كېچە-كۈندۈزگە بەش مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ» دېدى. (03)

---

بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىشقا يۈزلەندى. روسسىيە تاموژنىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1996-يىلى روسسىيەنىڭ ئېكسپورت قىلغان ستانوك زاپچاسلىرىنىڭ قىممىتى 85 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ 86.5% تى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنغان. ئېكسپورت قىلىنىدىغان دۆلەتلەر گېرمانىيە، ئەنگلىيە، جۇڭگو، ھىندىستان، تۈركىيە، شۋېتسارىيە ۋە ئۇكرائىنا.

1996-يىلى روسسىيەنىڭ ئىمپورت قىلغان مېتال پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىممىتى 223 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 18% تى ستانوك زاپچاسلىرى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلغىنى 89.7% نى ئىگىلەيدۇ. 1996-يىلى روسسىيە 2900 دانە مېتال كېسىش ستانوكى، 1300 دانە بازغانلاش ستانوكى سېتىۋالدى، ئۇلار ئاساسەن گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، ئىتالىيە ۋە ئۇكرائىنادىن كەلتۈرۈلگەن. (02)

# دۇنيا بانكىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش شەرت-شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ

دۇنيا بانكىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنى 7 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بىلەن تەمىنلەپ، كىچىك كۆلەملىك سۇ تەمىنلەش تەجرىبە لايىھىسىنى يولغا قويۇشتا ئىشلىتىشكە بېرىشكە قوشۇلدى.

قەرز ئارال دېڭىزى رايونى ۋە كازالىن رايونىدىكى كىچىك كۆلەملىك سۇ تەمىنلەش تەجرىبە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئاھالىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇش شارائىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان كىچىك كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەجرىبە لايىھىسىنى يولغا قويۇشتىن مەقسەت ئارال دېڭىزى رايونى، كازالىن رايونى ۋە قىزىل ئوردا رايونىدىكى شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئارال دېڭىزى رايونى، كازالىن رايونى ۋە قىزىل ئوردا رايونىدىكى ئاھالىلەرنى بىخەتەر ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەپ، ساقلىق ساقلاش تەربىيىسى ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رايونلارنىڭ سەھىيە ئورگانلىرى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش، تىجارەت ۋە مالىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقىنى كۆچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئۈزۈن مەزگىل مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىچىك كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەجرىبە لايىھىسى ئارال دېڭىزى رايونىدىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان چوڭ كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش لايىھىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. كىچىك كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەجرىبە لايىھىسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى مەزكۇر لايىھەنى بېكىتىش ئارقىلىق ھەر خىل يوشۇرۇن ئەمەلىي خىزمەت ئۇسۇل-تەجرىبىلىرىنى ۋە چىقىمنى تېجەش، چەت ئەلدە مال زاكاز قىلىش، توختام تۈزۈش ھەمدە بۇ لايىھەنى يولغا قويۇشتىكى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئىگىلەش بولۇپ، بۇ تەجرىبىلەرنىڭ چوڭ كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش لايىھىسىنىڭ بىرىنچى دەۋرىدىكى تەييارلىق خىزمىتىنى تېزلىتىشكە ياردىمى بولۇپ، بۇ لايىھەنىڭ مۇمكىنقەدەر تېز يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

كىچىك كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەجرىبە لايىھىسىدە بېرىلگەن قەرز ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىشلىتىلىدۇ:

بىرىنچى، چەكلىك مەبلەغ (ئالتە مىليون 273 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدۇ:

1. ئارال دېڭىزى شەھىرى بىلەن شوربۇلاق شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇرۇبا يولىنى رېمونت قىلىش. بۇ تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇلغان چاغدىلا تەلەپكە لايىق ئەمەس بولۇپ، كۆپ جايلىرىدىن گاز قاچىدۇ (رېمونت قىلىش پىلانىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7 كىلومېتىر، دىئامېتىرى 800 ~ 1000 مىللىمېتىرغىچە بولغان ئالماشتۇرۇلۇپ بۇزۇلۇپ

كەتكەن يۇقىرى بېسىملىق سېمونت تۇرۇبىنى ئالماشتۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش بەلگىلەنگەن)؛

2. يېڭى كازالىن شەھىرىدە ناسوس پونكىتى قۇرۇش، بۇ شەھەر سۇ تەقسىماتىنى كاپالەتلىك قىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرى؛

3. يېڭى كازالىن شەھىرى ۋە ئارال دېڭىزى شەھىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش تورىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش (ھەر بىر شەھەردە بۇزۇلغان تۇرۇبا يولى تورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىر).

ئىككىنچى، تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتىكى مەبلەغ (727 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدۇ:

1. كىچىك كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەجرىبە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇلازىمەت تۈرلىرى، ئۇ مەزكۇر لايىھەگە مۇناسىۋەتلىك ھەر يىل تەپسىلىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش، خېرىدار بولۇش ھۆججىتىنى تەييارلاش، دۇنيا بانكىسى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەرلىك ۋە خەلقئارالىق سودا شىركەتلىرىنى تاۋار ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

2. ماھىر مال سېتىۋالغۇچىلارنى تاللاشتا ھەمكارلىشىش، سۆھبەت ئارقىلىق توختام تۈزۈش، بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، كىچىك كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەجرىبە قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش، مالىيە كۈچى تۈزۈلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، شۇنداقلا مەزكۇر لايىھەنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ھەر خىل بوغالتىرلىق تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى نازارەت قىلىش قاتارلىقلار.

3. چوڭ كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش لايىھەسى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى كىچىك كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەجرىبە قۇرۇلۇشى گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈنۈملۈك رەھبەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت سۇ كۈچى بايلىقى كومىتېتى كىچىك كۆلەملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەجرىبە لايىھەسىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

مەزكۇر لايىھەگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ يەتتە مىليون 388 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، دۇنيا بانكىسى بەرگەن قەرز پۇل يەتتە مىليون ئامېرىكا دوللىرى. ئۇ بۇ لايىھەگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 94.7% نى ئىگىلەيدۇ. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئاجرىتىپ بەرگەن 388 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مەزكۇر لايىھەنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ 5.3% نى ئىگىلەيدۇ. دۇنيا بانكىسى تەمىنلىگەن قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى 20 يىل، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەش يىل ئېتىبار بېرىش مۇددىتىنى چىقىرىۋەتكەندىن سىرت باشقا ۋاقىتتا ئۆلچەملىك مۇقىم بولمىغان ئۆسۈم بويىچە ھېسابات قىلىنىدۇ.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى 1992 - يىلى دۇنيا بانكىسى تەشكىلاتىغا قاتناشقاندىن بۇيان، ئومۇمىي سوممىسى توققۇز مىليون 486 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان قەرزنى قوبۇل قىلىپ، 12 قۇرۇلۇش تۈرىگە ئىشلەتتى. (03)

# قازاقىستان تاموژنىسى مول - ھوسۇل شادلىقىغا تولدى

يېرىم يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش ئۈچۈن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تاموژنا ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى تۆنجى قېتىم پايتەختكە يىغىلدى. خۇلاسىنىڭ نەتىجىسى كىشىنى خوشال قىلىدۇ: 1997 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا قازاقىستان تاموژنىسىنىڭ تۆلىگەن پۇلى بىلەن يىغقان باجىنىڭ يىغىندىسى سەككىز مىليارد 300 مىليون تەڭگىگە يېتىپ پىلاننىڭ 104.1% نى تاماملىدى. بۇ يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيانقى، ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللاردىن بۇيان تاموژنا خادىملىرىنىڭ تۆنجى قېتىم يېرىم يىللىق خىزمەتنى ۋەزىپىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىشى.

قارىغاندا، جېزقازغان، جەنۇبىي قازاقىستان، پاۋلودار ۋە مانجىستاۋدىن ئىبارەت بەش ئوبلاستنىكى تاموژنا خادىملىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. 23 تاموژنا ئىچىدە تۆت تاموژنا ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىدى. ئۇلار ئالمۇتا تاموژنىسى، شەرقىي قازاقىستان تاموژنىسى، قىزىل ئوردا تاموژنىسى ۋە ئاق مولا تاموژنىسىدىن ئىبارەت.

جۇمھۇرىيەتنىڭ 13 مىڭ 500 كىلومېتىرلىق تاموژنا چېگرىسىدا 123 تاموژنا تەكشۈرۈش پونكىتى، 14 خەلقئارا تاشيول، 73 دۆلەت ئىچى تاشيولى، 22 ئايرودروم ۋە 25 تۆمۈر يول لېنىيىسى بار. 1997 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا جەمئىي 560 مىڭ تەبىئىي شەخس، بىر مىليون 100 مىڭ ئاپتوموبىل تاموژنا چېگرىسىدىن ئۆتتى. ھېساباتقا كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ: ئىمپورت بېجى ئىككى مىليارد 20 مىليون تەڭگە، تاموژنا قائىدە - يوسۇن خىراجىتى بىر مىليارد 200 مىليون تەڭگە، ئىستېمال بېجى 623 مىليون تەڭگە، ئاشقان قىممەت بېجى تۆت مىليارد 500 مىليون تەڭگە. ئومۇمەن ئېلان قىلىنغان رەقەملەر كىشىنى خوشال قىلىدۇ. بىراق مەسىلىمۇ مەۋجۇت، يەنى نەقلەشتۈرۈش مەسىلىسى. بۇ خىل مەسىلىلەر يېڭى قۇرۇلغان تاموژنىلاردا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر قىسىم مەسىلىلەر تالاش - تارتىش نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان. (02)

★ ★ ★

## ئۇكرائىنا چارۋا مال يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ چەت ئەلدىن كىرىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا

ئۇكرائىنا مال دوختۇرلۇق باشقۇرۇش باش ئىدارىسى، جۇڭگو ۋە قىرغىزىستاندىن چارۋا مال، خام ماتېرىيال ۋە مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. چۈنكى بۇ دۆلەتلەردىكى بەزى چارۋىلاردا ئاقسىل كېسىلى بارلىقى بايقالغان. شۇڭا جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاندىن تاۋار ئىمپورت قىلىشتا چوقۇم ئۇكرائىنا مال دوختۇرلۇق باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ئېلىش كېرەك. (01)

# قازاقىستاننىڭ ئۆز ئالدىغا ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى بولىدۇ

1997-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى زۇڭتۇڭ نەزەربايېۋ پاۋلودار شەھىرىگە بېرىپ قازاقىستاننىڭ ئاليۇمىن سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتىگە قاراشلىق ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئايرودرومدا زۇڭتۇڭ نەزەربايېۋ چەتئەل مەبلەغ سېلىپ قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى سۆزلىدى.

20 دۆلەتنىڭ چوڭ تىپتىكى شىركەتلىرى ئالمۇتادا غەلىبىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزدى، يىغىندا بۇ شىركەتلەرنىڭ 85 نەپەر دىرېكتورى ۋە باشقارما باشلىقلىرى بايانات ئېلان قىلىپ قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە خەلقئارادىكى ھەر قايسى چوڭ شىركەتلەرگە ھەر يىلى قازاقىستانغا كېلىپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

باشلىنىش قەدىمى سۈپىتىدە چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار قازاقىستاندا تارىخىي خاراكتېرلىك تۇنجى قەدىمىنى باستى. بۇ پاۋلودار شەھىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. شۇنداقلا زۇڭتۇڭنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ مۇھىم. 1985-يىلى نەزەربايېۋ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى كابىنېت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندا موسكۋادا ئاليۇمىن زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە دەلىللەش ۋە لايىھەلەش ئېلىپ بارغان ئىدى، بىراق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ توختاپ قالغانىدى. ھازىر، قازاقىستاننىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا، يەنە ئۈچ-تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن قازاقىستاننىڭ ئۆز ئالدىغا قىممىتى بىر مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېلىدىغان ئاليۇمىن كارخانىسى بولىدۇ. ئاليۇمىن ئوكسىدى قازاقىستان ۋە روسىيىگە نىسبەتەن يېتەرلىك. بۇنىڭدىن كېيىن قازاقىستان ئاليۇمىندىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئېسىل سۈپەتلىك ئاليۇمىن قېتىشمىسىدىن ياسالغان ئىشىك-دېرىزىلەر بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان بولىدۇ، بۇنىڭ كەلگۈسىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

زۇڭتۇڭنىڭ ئېلېكترولىزلاش زاۋۇتىغا بۇنداق چوڭ ئۈمىد باغلىشى ۋە قىزىقىشى ھەرگىز تاسادىپىيلىق ئەمەس، چۈنكى چەتئەللىكلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى

مەقسىتى ھەرگىز تەييارغا ھەييار بولۇش ۋە پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىق پىلانى بويىچە قازاقىستاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تېخنىكىسىنى ياخشىلىغا ياردەم بېرىدۇ، بۇ قېتىم پاۋلودار شەھەرىدە ئەنگلىيىنىڭ «ترانسىۋلد گرووپس» شىركىتىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا يېڭى زاۋۇت قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇتقا 4000 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە پاۋلودارنىڭ ئالىيۇمىن ئوكسىدى ۋە يېرىم تەييار ئالىيۇمىن بۇيۇملىرى روسسىيىنىڭ كراسنويارسكى بىلەن يېڭى كۆزتېنسكى شەھەرلىرىگە توشۇلۇپ تاۋلانغاندىن كېيىن مېتال ئېلىنىدۇ، بىراق شۇ جايدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە توختىمى بويىچە بېجىرىلىدۇ. قازاقىستان ئالىيۇمىن سانائىتى ھەسسەدارلىق شىركىتىنىڭ رەھبىرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، كەلگۈسىدە بىزنىڭ دېگىنىمىز ھېساب بولۇۋد، بىز ئۇلارنىڭ تاۋلىشى ئۈچۈن ئالىيۇمىن ئوكسىدى بىلەن تەمىنلىسەكمۇ بولىدۇ، ئىنكار قىلىساقمۇ بولىدۇ. قازاقىستان ئالىيۇمىن سانائىتى شىركىتىنىڭ رەھبىرىنىڭ قارىشىچە پاۋلوداردا ئۆزىنىڭ ئېلېكترولىزلانغان ئالىيۇمىن زاۋۇتى قۇرۇش ئەڭ پايدىلىق بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچتىلا 250 مىڭ توننا ئىشلەپچىقارغىلى، كېيىن تەدرىجى ھالدا 400 مىڭ تونىغا يەتكۈزگىلى بولىدىكەن. كەلگۈسىدە يەنە پروكاتلاش ئارقىلىق تۈرلۈك ئالىيۇمىن ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىكەن.

«قازاقىستاننىڭ ئالىيۇمىن سانائىتى» ھەسسەدارلىق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى مۇنداق دەيدۇ: زاۋۇتىمىزدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرى بولىدۇ، غەربتىكى بىر قانچە چوڭ شىركەتلەر تاۋلانغان ئالىيۇمىننىڭ ساپلىق دەرىجىسىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغان ئالىيۇمىن بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى روسسىيىنىڭكىدىن كۆپ ئەرزان بولىدۇ. (02)

★ ★ ★

## ھىندىستان دۆلەت شىركىتى قازاقىستان پاۋلودار ئوبلاستىدا نېفىت تەكشۈرمەكچى

ھىندىستان دۆلەت شىركىتى خېرىدار چىقىشتا غەلىبە قىلىپ، 22 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، قازاقىستاننىڭ پاۋلودار ئوبلاستىدا نېفىتنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ زاپىسىنى ئېنىقلاشقا تەييارلاندى. نۆۋەتتە نېفىت تەكشۈرۈش خىزمىتى ئالدىقاچان باشلىنىپ كەتتى.

ئەگەر مەزكۇر ئوبلاستنىڭ نېفىت زاپىسى كۆپ بولسا، 1998-يىلى بۇ جايدا نېفىت قۇدۇقىنى بۇرغىلاش باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۇچاغدا پاۋلودار ئوبلاستىنىڭ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى سوپىتى ئەڭ يۇقىرى باھاسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بويىچە ئەڭ ئەرزان بولغان نېفىتنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ. (03)

## «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشقىلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، شۇنداقلا قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنى خەۋەر قىلىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر ژۇرنىلىدۇر. ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارە تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر مۇشتەرى بولۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن بولسىڭىز مۇشتەرى بولۇش ھەققىنى بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40-نومۇر شىنجاڭ پەن-تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
تېلېفون: 0991—3837994
پوچتا نومۇرى: 830011
ئالاقىلاشقۇچى: مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم
«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

《中亚信息》(维吾尔文)
双月刊

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى
قوش ئايلىق ژۇرنال

主办单位：新疆维吾尔自治区科委
出版单位：新疆科技情报研究所
《中亚信息》编辑部
印　刷：新疆科技报印刷厂
总发　行：乌鲁木齐邮政局
订　阅：全国各地邮局(所)
邮政代号：58—132
电　话：(0991)　3837994
地　址：乌鲁木齐市北京南路40号附8号
邮政编码：830011
定　价：3.00元／册
国内统一刊号：CN65—1133/N

باشقۇرغۇچ: ش ئۇ ئا ر پەن-تېخنىكا كومىتېتى
نەشر قىلغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن-تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: «شىنجاڭ پەن-تېخنىكا گېزىتى» باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—132
تېلېفون نومۇرى: (0991) 3837994
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40-نومۇر (830011) باھاسى: 3 يۈەن
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: